FROM THE LIBRARY OF
GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN
NATL RESEARCH
CENTER INC

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

**( 15 )**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (15)

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى.
فورماتى: 1092×787 م م 1/32 باسما تاۋىقى 6.75
1984 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1984 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098.142
تىراژى: 11.000
باھاسى: 0.40 يۈەن

(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

# مۇندەرىجە


شىنجاڭدا «11 بىتىم» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ
بۇزۇلۇشى .................... خېۋىر تۆمۈر 1
11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە ئاتالمىش دېموكى-
راتىك سايلامنىڭ سىرى ......... خەلپەت سوزۇك هاجىيوپ 23
تىنچلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازاتلىق هارپىسىغىچە
خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ............ جاپپار ئەمەت 41
1945 - يىل 8 - ئايدىن 1947 - يىل 8 - ئايغىچە
يەكەندە بولغان ۋەقەلەر .............. ئىسمايىل ئەسقەرى 65
كۇچار هورۇنباغ ۋەقەسى توغرىسىدا ئەسلىمە
................................... ساۋۇر بەكرى 81
1947 - يىلدىكى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
ئۆتۈشى ................................ تېيىپ پولات 94
شىنجاڭ تىنچ ئازات بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى-
لىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هەربىيلىرىنىڭ قاراشەھەر،
كۇچاردا يۈرگۈزگەن بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى توغرىسىدا
.................................. زاكىرنىياز رەتلىگەن. 112
خوجىنىياز هاجى توغرىسىدا ئەسلىمە
.................................. هەمدۇللا قۇربانوۋ 127
مافۇشىڭ (ماتىتەي) توغرىسىدا ئەسلىمە
.................. مۇھەممەت ئىمىن قۇربان 146

قاغىلىق تارىخىغا دائىر ئەسلىمىلەردىن پارچىلار
ئابدۇرىشىت خوجاخىمەت ........................... 153
سۈرگۈن ۋە نوم .............. ئىمىنوپ ئېلاخۇن 159
گومىنداڭ ـ جياڭجيېشىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى
«جۇڭتۇڭ» ۋە «جۇنتۇڭ» توغرىسىدا .................. 165
ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا تارقىتىلغان گېزىت ـ
ژورناللار .................... ئەركىن ھۇشۇر رەتلىگەن 186
قوشۇمچە:
ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ
1 ـ سانىدىن 13 ـ سانىغا قەدەر ئېلان قىلىنغان
ماقالىلار ................................................ 199

# شىنجاڭدا «11 بىتىم» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى

خېۋىر تۆمۈر

## 1

شىنجاڭدا 12 يىل قانلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن جاللات شېڭ شىسەي 1942 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنى گومىنداڭ - جياڭ جېيشى قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن گومىنداڭ تەدرىجى سىڭىپ كىرىپ 1943 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى رەسمى قۇرۇلدى.

گومىنداڭ ھاكىمىيىتى باشلانغان بۇ دەۋردە ئىلگىرىكى جەمىيەت تەرتىپلىرى ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. خىيانەتچىلىك ئەۋج ئالدى، خەلق تۇرمۇشى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلغار كىتاپلار كۆيدۈرۈلدى. مەدەنى - مائارىپ ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، خۇراپاتلىق ئەۋج ئالدى، جەمىيەت تەرتىۋى بۇزۇلۇپ قىمار، پاھىشە، ئوغرى - بۇلاڭچىلىق كۆپەيدى. يىغىپ ئېيتقاندا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ بىر - ئىككى يىلغا يەتمەيلا خەلقنىڭ نارازىلىغىنى قوزغىغان ئىدى.

1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جاللات شېڭ شىسەي
شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت ئورنىدىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭغا كەتتى،
ئۇنىڭ ئورنىغا سابىق موڭغۇل - شىنجاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى
ۋۇجۇڭشىن 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ
خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى .

ئۈچ ۋىلايەت خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى مۇشۇ ئارىلىقتا، يەنى 1944 - يىلى
9 - ئايدا نىلقا تاغلىرىدا پارتلاپ چىقتى، شۇ يىلى 11 - ئايغا
كەلگەندە قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھرىنى ئازات قىلىپ ئىنقىلاۋىي
ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكالىدى، شۇنىڭدىن
ئېتىۋارەن ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاۋىي
كۈچلەر راۋاجلىنىپ ھەرقايسى سەپلەردە شانلىق غەلىبىلەرنى
قولغا كەلتۈردى ۋە تارباغاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئارقىمۇ -
ئارقا ئازات قىلدى.

1945 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى
شىخونى ئازات قىلىپ غەلىبە بىلەن ماناس دەرياسىغا كېلىپ
تاقالدى. مانا شۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە گومىنداڭ مەركىزىي
ھۆكۈمىتى ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت
ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي
تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سابىق
سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنى
تەيىنلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ كىشى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ
14 - كۈنى ۋەكىل سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى تەرەپتىن: رەھىمجان

سابىرهاجىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەھمەتجان قاسىملاردىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىگى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆز ئارا ۋەكىللىك سالاھىيەت قەغەزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇنجى قېتىم سۆھبەت باشلايدۇ. سۆھبەت شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. سۆھبەت بىر قانچە كۈن داۋام قىلىپ ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە 2-قېتىملىق سۆھبەت باشلىنىدۇ. بۇقېتىمقى سۆھبەتتە پىكىرلەر ئاساسى جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يەنە بىر قېتىم غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ.

3-قېتىمدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن 3-قېتىملىق سۆھبەت باشلىنىدۇ. سۆھبەت بىر قانچە كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن ئاخىرى بىرلىككە كېلىپ، 1946-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى يېڭى زالدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر «11 بىتىم» گە ئىمزا قويىدۇ.

بۇ 11 بىتىم ئاساسەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلىدىغان ماددىلاردىن

ئىبارەت بولۇپ، كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-ماددا: ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئۆلارنىڭ ئىشەنگەن يەرلىك خەلقىدىن مەمۇرىيەت خادىملىرى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بەلگىلىنىدۇ:

ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەر بىر ناھىيەدىكى خەلقلەر ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ھاكىم (ناھىيە باشلىغى) ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ. ناھىيىلىك ئىدارىلارنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقۇرى خىزمەتچىلىرى ھاكىملار تەرەپتىن تەيىنلىنىدۇ؛

سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ بولغانغا قەدەر ۋەقە رايونى بولغان ۋىلايەت (ئۈچ ۋىلايەت) ۋە ناھىيەلەردىكى بار بولغان مەمۇرى ئورۇنلار شۇ پېتىچە ساقلىنىدۇ. ھەر بىر ۋىلايەتنىڭ ۋالىلىرى، مۇئاۋىن ۋالىلىرىمۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىشەنگەن كىشىلىرىدىن كۆرسىتىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن تەستىقلىنىدۇ.

ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ۋەزىپىلەرگە لايىق خىزمەتچىلەر ۋالىلار تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلار قانۇنغا ئاساسەن ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنى سايلايدۇ. ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى خەلقىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ياردەملىشىدۇ؛

ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئومۇمى—دائىمى سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىقىش چارىلىرى 9 - ماددا بويىچە بەلگىلىنىدۇ.

2_ماددا: هۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشلەرگە يول قويماي خەلققە دىنگە ئىشىنىش ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

3_ماددا: دۆلەت ئىدارىلارىنىڭ ۋە سوت ئورگانلىرىنىڭ تۈرلۈك هۆججەتلىرىنى دۆلەت تىلى ۋە مۇسۇلمان تىللىرىدا يۈرگۈزىدۇ. خەلقنىڭ هۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە يېزىلىدىغان ئەرز-ئىلتىماسلىرى ئۆز تىللىرىدا يېزىلىدۇ.

4_ماددا: باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش هەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى مەجبۇرى دەرس بولۇپ كىرىدۇ. ئالى مەكتەپلەردە دەرسلەر ئېهتىياجىغا قاراپ دۆلەت تىلى ياكى مۇسۇلمان تىللىرىدا يۈرگۈزۈلىدۇ.

5_ماددا: هۆكۈمەت مىللى مەدەنىيەت ۋە مىللى سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققى قىلىشىغا يول قويىدۇ.

6_ ماددا: هۆكۈمەت خەلقلەرگە مەتبۇئات، مەجلىسكە ئويۇشۇش ۋە سۆز ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

7_ماددا: هۆكۈمەت هەقىقى ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتلىرىنى خەلقنىڭ قۇۋۋىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. خەلقلەر هۆكۈمەتكە ئىقتىسادي ياردەم قىلىشنىڭ لازىملىغىنى چۈشەنگىنى ئۈچۈن بۇ ياردەمنى بېرىشنى لازىم دەپ هىساپلايدۇ. لېكىن ياردەمنىڭ مىقدارى خەلق تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادي جەهەتتىن يۈكسىلىشىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك دەرىجىدە بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

8 _ ماددا: هۆكۈمەت سودا _ تىجارەتچىلەرگە ئىچكى ۋە تاشقى سودا هۆرلىگىنى بېرىدۇ. لېكىن بۇ سودا مەركىزى هۆكۈمەت خارجى دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈلگەن تاشقى سودا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشنى شەرت قىلىدۇ.

9 _ ماددا: شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ تەركىۋى مەركىزى

ھۆكۈمەتتەرىپىدىن 25 كىشى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. بۇ 25 ھۆكۈمەت ئەزاسى ئىچىدىن 10 كىشىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. قالغان 15 ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەر بىر ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان ئون ئەزا ئىچىگە: ھۆكۈمەت رەئىسى؛ باش كاتىپ؛ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى؛ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى؛ مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى؛ تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى؛ سەھىيە ئىدارە باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى؛ جەمىيەت ئىدارە باشلىغى؛ مۇلدىن باشقا ئىككى ھۆكۈمەت ئەزاسى كىرىدۇ.

ھەربىر ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىدىغان 15 ھۆكۈمەت ئەزاسى ئىچىگە: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى مۇئاۋىن رەئىسى؛ ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە ئىدارە باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى، مالىيە نازارىتى نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى، جەمىيەت ئىشلىرى باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى ۋە بەش ھۆكۈمەت ئەزاسى كىرىدۇ. (قالغىنى قوشۇمچىنىڭ بىرىنچىسىدە كۆرسىتىلدى).

10 ـ ماددا: مىللىي ھەربىي قىسىملار تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ قىسىملارنىڭ تولدۇرۇلۇشى دائىردۇي بەلگە بىلەن مۇسۇلمان خەلقلەردىن بولۇشى شەرت. بۇ مىللىي ھەربىي قىسىملار قايتىدىن دۆلەت ئەسكىرى تەرتىۋىدىكە مۇۋاپىق قۇرۇش يولى بىلەن تەشكىل قىلىنىدۇ؛

ئەسكەرلەرنى ئوقۇتۇش، قوماندا بېرىش ئىشلىرى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا بولىدۇ.

بۇ قىسىملارنىڭ قوماندانلىرى ئۆز ۋەزىپە ۋە ئۇنۋانلىرىنى ساقلايدۇ ھەم ئۆز دەرىجىسى بىلەن ئۇنۋانىنى ساقلاپ تۇرۇپ بەلگىلىك مۇددەتلەردە تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ. بۇ قىسىملارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەلىم-تەربىيە بېرىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىپ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ.

مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرى قىسىملىرى مىللى ھەربى قىسىملار تۇرغان رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. مەركەزنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە مىللى قىسىملار ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاشلىرى لازىم ھەمدە ئۆز ئارا بىر-بىرىگە ھېچقانداق دۈشمەنلىك ھەركەتلىرى قىلماسلىقلىرى شەرت. بۇ ئەسكىرى قىسىملارنىڭ سانى، تۇرىدىغان ئورۇنلىرى ھەققىدە ئايرىم قوشۇمچە ماددىلار تۈزۈلۈپ ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. (قالغىنى قوشۇمچىنىڭ 2-قىسمىدا كۆرسىتىلدى).

11-ماددا: ھازىرقى ۋەقەگە ئالاقىدار ھەر ئىككى تەرەپتىن قاماقا ئېلىنغانلار مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا قاماقتىن چىقىرىلىپ كېلەچەكتە ئۇلارنىڭ ھەر قانداق سەۋەپلەر بىلەن سىقىلىشقا ئۇچرىماسلىقىنى ھەر ئىككىلا تەرەپ ئوخشاشلا كاپالەتلەندۈرىدۇ.

مەركەز ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

1946-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى.

11 يىتىمىنىڭ 9 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇش چارىسى توغرىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن قوشۇمچە 1 ـ بەلگىلىمە ئىمزالانغاندىن كېيىن 25 ئەزادىن تەركىپ تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى:

1 مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن تەيىنلەنگەن ئەزالار 7:

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى　　جاڭجىجۇڭ

ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى　　ۋاڭزېڭشەن

باش كاتىپ　　لىيۇمىڭچۈن

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى　　لۇيىۋۇۋېن

تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى　　گۇجىيەنجى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى　　چۇي ۋۇ

ئەزا　　گۇەنزىدلياڭ

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن:

مۇئاۋىن رەئىس　　ئەخمەتجان قاسىمى

مۇئاۋىن باش كاتىپ　　ئابدۇكېرىم ئابباسوپ

مائارىپ نازىرى　　سەيپىدىن ئەزىزى

ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى رىھىمجان سابىر ھاجىيوپ

سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دەلىلقان سۇگۇربايوپ

ئەزا　　ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەزا　　ئوسمان

ئەزا　　ئىسھاقبەك

يەرلىكلەردىن:

مۇئاۋىن رەئىس　　بۇرھان شەھىدى

مۇئاۋىن باش كاتىپ — سالىس

تەمىرات نازىرى — مەمتىمىن بۇغرا

مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى — سەي زۇڭشەن

مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى — ماتىڭشياڭ

جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى — جاۋجەنفىڭ

جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىنى — ئېردەنى

ئەزا — جۇڭ دىخۋا

ئەزا — ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

ئەزا — ئەيسا بەگ

1946 - يىلى 7 ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى تېچلىق مەيدانىدا 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، 11 بىتىمنىڭ روھى بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. يىغىندا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن كەلگەن سابىق تەپتىش پالاتاسىنىڭ يۈەنجاڭى يۈي يۇرىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە قىسقىچە سۆز قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەئىس جاڭجىجۇڭ ئەپەندى ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەر سۆز قىلدى. يىغىن داغدۇغىلىق يېپىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تەنتەنىلىك كوچا نامايىشى بولدى. ھەر مىللەت خەلقلىرى «11 بىتىم» ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن تېچلىق، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىپ شوئارلار توۋلاشتى.

شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگرامما-

مىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ پىروگراممىدا: سىياسى، مىللى، خارجى ئىشلار، قاتناش، مەدىنى - مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە 85 ماددىلىق بەلگىلىمىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

«11 بىتىم» ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تېنچلىق، دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت بىر يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى بۇ ۋەزىيەتتىن مەمنۇن بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ئۈمىتۋار بولغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ۋەزىيەت ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. 11 بىتىمدا بەلگىلەنگەن كونكرېت مەسىلەلەرگە ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىك سايلام ھەركەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەشەددى قارا كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى ئاشكارا ھالدا بولسۇن 11 بىتىمنىڭ ھەقىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

## 2

شىنجاڭدا تېچلىق، دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت 11 بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن بىتىمنى ئىجرا قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى خىل كۈچ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزئارا كەسكىن كۈرەش باشلىۋەتتى.

بۇ كۈچنىڭ بىرسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئاساس

قىلغان خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى بولۇپ، 11 بىتىمنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ شىنجاڭدا تىنچلىق - دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى.

يەنە بىرسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھىدىكى (پىرقە ۋە ھەربىلەر) مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر بولۇپ، ئۇلار 11 بىتىمنى بۇزۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلاتتى. بۇ قارا كۈچلەر 11 بىتىم ئىمزالىنىش بىلەنلا بىر تەرەپتىن جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى 7 ۋىلايەتنى ئۆز چاڭگىلىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۇ تەرەپلەرگە ئۈچ ۋىلايەت تەسىرىنى ئۆتكۈزمەسلىك؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ھەربىي، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچلىرىنى ئىچىدىن پارچىلاپ بۇزۇپ تاشلاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ئۆچرىغان سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىنى ئوڭشىۋالماقچى بولدى.

دېمەك، بىتىمدىن كېيىن شەكىللەنگەن بۇ ئىككى خىل كۈچتە ئىككى خىل مەقسەت ۋە مۇددىئا بولغانلىقتىن بىر بى- رىگە سۇ بىلەن ئوتتەك قارىمۇ - قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزئارا جىددىي ۋە كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. كۈ- رەش جەريانىدا مەلۇم جايلاردا گومىنداڭچىلار ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزدى. ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم بىر يىلغا يەتمەستىنلا بۇزۇلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 بىتىمگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك بولغان ئىدى. چۈنكى گومىن-

داڭ ئەكسىيەتچىلىرىدە بىتىم تۈزۈشكە نىسبەتەن قىلچە سەمىمىيەت يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ئۈستىدە بىر ئاز توختاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1945 - يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى شەرتسىز تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جياڭجيېشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھى كەڭ كۆلەمدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىك كۈچلىرىنى باستۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىغان ئىدى. ئەمما بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تەييارلىق كۆرۈش، قانات - قۇيرۇغىنى تەڭشىۋېلىشقا بىر ئاز ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا ئۇلار گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ تەنپەن قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ شۇ پۇرسەتتە ئۆز تەييارلىقىنى قىلماقچى بولدى. بۇ تەنپەن 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۇڭچىڭدا ئىمزالاندى. لېكىن گومىنداڭ جياڭجيېشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھى بىر تەرەپتىن تەنپەن ئۆتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلارنى مۇھاسىرە قىلدى ۋە 800 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن توپلاپ، ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، شىنجاڭدا بىتىم تۈزۈشنىڭ دەسلەپكى سۆھبىتى دەل شۇ چۇڭچىڭ تەنپەنى ئىمزالىنىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا، يەنى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە باشلاندى. بۇ يەردىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن سۆھبەت ئۆتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچ توپلاۋاتاتتى. شۇ يىلى 10 -

ئايغىچە مىللەتارىست مابۇفاڭنىڭ قارمىغىدىكى ئاتلىق 5 - كورپۇسنى شىنجاڭغا يۆتكەپ ئۈچ ۋىلايەت كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى ئورۇنلاپ بولغان ئىدى. دىمەك، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان سۆھبەتتىمۇ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكۈنىمىزدەك گومىنداڭ - جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى گۇروھىنىڭ قىلچە سەمىمىيىتى يوق ئىدى.

مەملىكەت ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چۇڭچىڭ تەنپەنىگە ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئازات رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلاپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىگىدىكى خەلق ئىنقىلاۋىي كۈچلىرى مەلۇم ۋاقىتلاردا ئىستىراتېگىيىلىك چېكىنىپ بېرىش تاكتىكىسىنى قوللانغانلىقتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەر گۇروھى بىر مەزگىل ئىنتايىن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇروھى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، يېقىندىن ئىمزالانغان 11 بىتىمگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا كىرىشتى.

11 بىتىمنىڭ 1 - ماددىسىدا: «ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىنكى 3 ئاي ئىچىدە ھەر بىر ناھىيىدىكى خەلقلەر ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ، ناھىيىلىك ئىدارىلارنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقۇرى خىزمەتچىلىرى ھاكىملار تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ» دەپ ئوچۇق بەلگىلەنگەن. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى 46 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ 11 بىتىم ماددىلىرى ئېلان قى ـ
لىنغانغا قەدەر ئۆز ئادەملىرىنى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە، ساقچى
ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئىدى. بىتىم
ئېلان قىلىنىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام ھەر ـ
كەتلىرىدە ئىلگىركى ۋالى، ھاكىملەرنى، جۇيجاڭلارنى ئەمەل ـ
دىن قالدۇرۇپ خەلق ئاممىسى ئۆزى ئىشەنگەن ئادەملىرىنى
سايلاپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. كونا ئەمەلدارلار ئۆز ئور ـ
نىنى بوشىتىپ بېرىشنى ئەلۋەتتە خالىمايتتى. ئۇلار ئۆزىنى
قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا قالاق كىشىلەرنى توپلاپ
بىر گۇرۇھ قارا كۈچ تەشكىللەش لازىم بولاتتى. بۇ قارا كۈچ ـ
لەرگە سابىق ساقچى ئورۇنلىرى، گومىنداڭ ھەربى دائىرىلىرى
يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ئارقىدا تۇرۇپ قۇتراتقۇلۇق قى ـ
لىشتى. دىمەك خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى بىتىم ماددىلىرىدا
كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلماقچى بولسا، ئەكسى ـ
يەتچى قارا كۈچلەر ھەر خىل رەزىل ئۇسۇللار بىلەن بىتىم
ماددىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق ھەم بۇزغۇنچىلىق
قىلىدۇ. نەتىجىدە خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى بىلەن مۇتە ـ
ئەسسىپ قارا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ھايات ـ ماماتلىق كۆرەش ـ
لەر يۈز بەردى.

ھالبۇكى، خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى 7 ۋىلايەت دا ـ
ئىرىسىدە قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان 11 بىتىم ماددىلىرىغا،
ھەققانى پىكىر ـ تەلەپلىرىگىلا ئىگە ئىدى. ئەكسىيەتچى
قارا كۈچلەردە بولسا، ھوقۇق، قورال ـ ياراق، ئىقتىسات ۋە
ھەر خىل رەزىل ۋاستىلار بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 7 ۋى ـ
لايەت، ناھىيىلەردە يۈرگۈزۈلگەن سايلام ھەركەتلىرىدە خەلق

دېموكراتىك كۈچلىرى ھەققانى مەيداندا تۇرۇپ ئېگىلمەي - سۇنماي باتۇرانە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر ئاممىنى قورقۇتۇش، بېسىم ئىشلىتىش، بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەرنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئادەملەرنى ھاكىملىققا، ۋالىلىققا سايلاپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. سايلام مەيدانىدا، ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان مىڭلىغان كالتەكچىلەر ۋە پۇقراچە كىيىنگەن يۈزلەرچە ھەربىلەر چاپانىنىڭ ئىچىگە كالتەك، تاپانچا يوشۇرۇپ ھېلىقى كالتەكچىلەر بىلەن بىرلىكتە سايلامغا بېسىم ئىشلەتتى. گومىنداڭ تەرەپ بەلگىلەپ قويغان ئادەملەرنى سايلىمايمىز دېگۈچىلەر بولسا شۇيەردىلا كالتەكلەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ياكى ئېغىر يارىدار قىلدى. بەزەن ناھىيىلەردە ئوق چىقىرىپ بىر قانچىلىغان سايلامچى ئاممىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى.

مەسىلەن: خوتەن ئىلچىدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت نامىدىن بارغان سايلام ھەيئەتلىرى گەرچە 11 بىتىمدا بەلگىلەنگەن ماددىلار بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر ھەربى باشلىق ۋە گومىنداڭ ۋالىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىرقىسىم مۇتەئەسسىپ بەگلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر قانچە يۈز چوماقچىلارنى ۋە پۇقراچە كىيىنگەن ئىچكى قورال بىلەن قوراللانغان ھەربىلەرنى سايلام مەيدانىغا باشلاپ كېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، سايلام

ھەركىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. دېموكراتىك ئىلغار كۆچلەرنى ئۇرۇپ يارىدار قىلغاندىن تاشقىرى بىر قانچە ئون كىشىنى قولغا ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك كۇچار ناھىيىسىدە سايلام ئوتكۈزۈشتىن سەل ئىلگىرى بىر قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ يىغىن كۇچار ھورۇنباغدا ئوتكۈزىلىدۇ يىغىن مەيدانىنى قوراللىق ھەربىلەر يوشۇرۇن مۇھاسىرە قىلىپ ئاخىرىدا تويۇقسىز ئوق چىقىرىپ ئاممىنى ئوققا تۇتىدۇ. نەق مەيداندا 3 ئادەم ئۆلۈپ، 4 ئادەم يارىدار بولىدۇ. ھەربىلەرنىڭ ئاممىغا ئوق ئېتىشى. كەلگۈسى سايلام يىغىنىدا بىزنىڭ مەقسىدىمىز بويىچە ئىش قىلمىساڭ مۇشۇنداق ئوققا تۇتىمىز دىگەننى كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. مۇنداق قانلىق ۋەقەلەر بۇ ئىككى ئورۇندىلا بولماستىن ھەر قايسى ۋىلايەت ناھىيە، شەھەرلەردىمۇ بولغان ئىدى.

سايلام يۈرگۈزۈلگەن جەريانلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردە ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر شۇ قەدەر پەسلەشكەن ئىدىكى، ئاقسۇ، كۇچار ئارىلىقلىرىدا بېشىغا قىزىل دوپپا كىيگەن سودىگەرلەرنىمۇ نازارەت ئاستىغا ئېلىپ پەيتىنى تاپقاندا «قىزىل پاچاقلار» دەپ زىيانكەشلىك قىلغان ئىدى.

مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈچى ئەنۋەر يۇسۇپ (22 ياش) يەكەنگە بارغاندا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك پىلانلىغان ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر، ئەنۋەر يۇسۇپنىڭ شەرىپىگە بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە ئاددى زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەنۋەر يۇسۇپ ئولتۇرىدىغان تۆردىكى ئورۇنغا سېلىنغان كىگىز ئاستىغا ئالدىن - ئالا بىر پارچە نەشىنى تاشلاپ قويغان. زىياپەت يېرىم سائەتلەر داۋام قىلغان بىر ۋاقىتتا، 3، 4 ساقچى بېسىپ كىرىپ

«نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىغان بولۇپ، ئەنۋەر يۈسۈپ-تىن «نەدىن كەلدىڭ؟ تونۇشتۇرۇشۇڭ بارمۇ؟» دېگەندەك سو-ئاللارنى سوراپ، ھەممە كىشىنى تەڭ ئاختۇرغان بولۇپ، دەل شۇ ئەنۋەر يۈسۈپ ئولتۇرغان ئورۇندىكى كىگىزنى قايرىپ كىگىز قېتىدىن قاقتەك نەشىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن ئەن-ۋەرنى: «ئۈرۈمچىدىن نەشە ئېلىپ كېلىپسەن» دەپ قولغا ئې-لىپ قاتتىق ئازاپ سالغان. (ئەنۋەر يۈسۈپ تاماكىمۇ چەك-مەيدىغان زىيالى ئىدى.) سوراق داۋامىدا ئۇنىڭ ئۈرۈمچى-دىن ئالغاچ كەلگەن گېزىت - ژورنال قاتارلىقلارنى چوڭ گۇنا قىلىپ ئارتىپ، ئاخىرى يەكەن ساقچى ئىدارىسى ئەنۋەر يۈسۈپنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

دېمەك ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر يۇقۇرقىدەك ھەرخىل ئۇسۇل ھەم ۋاستىلەرنى قوللىنىپ 11 بىتىمنىڭ ئەمەلگە ئې-شىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە بۇزغۇنچىلىق سالدى. ئىلغار ئىدىيىدىكى ياشلار ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرالماي ئۈرۈمچى تەرەپكە تۈركۈم - تۈركۈملەپ قېچىپ كېتەتتى.

ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-لىرى ھەددىدىن ئېشىپ كىشىنى تاقەتسىزلەندۈرىدىغان ئەسكى-لىكلەرنى قىلغانلىقتىن زىددىيەت ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭقۇرلاشتى. خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى ئىجتىمائىي ئاساسقا، ئادالەت ھەققانىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن كۈنساناپ ئۇلۇ-غىيىپ راۋاجلاندى. كەڭ خەلق ئاممىسى تەرەپ - تەرەپتىن پىكىر ۋە ھەققانى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر ئۆزىنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ ئاممىنىڭ ھەققانى پىكىرلىرىگە قۇلاق سالمىدى،

«قولۇقدىن نىمە كېلىدۇ» دەپ خەلقنى كۆزگە ئىلمايتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، 1947 - يىلى كىرىشى بىلەن ھەر قايسى جايلاردا 11 بىتىمنى ھەقىقى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاممىۋى نامايىش دولقۇنى كۆتىرىلدى. ئاممىۋى نامايىش دولقۇنى كۆرەشنىڭ 2 - باسقۇچى ھىساپلىناتتى.

## 3

1947 - يىل كىرىش بىلەن ھەر قايسى جايلاردا ئاممىۋى نامايىش دولقۇنى كۆتىرىلدى. بۇ نامايىشلار ئاساسەن ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە بىر قەدەر مەركەزلىك ۋە كۈچلۈك بولدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىر قانچە يۈز كىشى (ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان) مەركىزي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا توپلىنىپ جۇچۇەندە ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەن بىر لەپەر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ جەسىدىنى ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى. نامايىشچىلار ئالدى بىلەن قاتناش ئىدارىسى ئالدىدا ئۆز تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شۇئارلار توۋلىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئۆز - پىكىر تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شۇ كۈنى كەچ سائەت 5 لەردە تارقاپ كېتىشتى. شۇ ئاينىڭ 22 - كۈنى خەلق ئاممىسى ئابلەت مەخسۇم باشچىلىقىدا يەنە بىر قېتىم نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ 11 بىتىمنى ھەقىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەرمۇ ئىلغار كۈچلەرنىڭ قىلغان نامايىشىنى باستۇ-

رۇش ئۈچۈن، رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدىغان نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇردى. جۈملىدىن 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەرنى ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ قوراللىق ئادەملىرى قاتناشقان نامايىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىمىز! ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئايرىم بولۇۋېلىشىغا يول قويمايمىز! دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاشتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگە كەلگەندە پۇقراچە كىيىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن زوراۋانلىق ھەرىكەتكە ئايلانغان قانلىق 25 - فېۋرال نامايىشىنى ئۇيۇشتۇردى. 10 نەچچە كىشى ئۆلدى. ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىندى.

دېمەك 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بولغان 5 كۈن ئىچىدە ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ ئەھۋال كەسكىنلەشتى. ئومۇمەن، كۆرەش سېپى خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىدىكى قارا كۈچلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنگەن ئىدى.

كۈلكىلىك يېرى شۇ بولدىكى، قارا كۈچلەردىن تەركىب تاپقان ئەكسىيەتچى نامايىش قوشۇنىمۇ ئۇيالماستىن: «11 بىتىمنى ھەقىقى ئىجرا قىلىمىز» دەپ شۇئار توۋلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا 11 بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلار دەل ئۆزلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئېنىق تۇرسىمۇ، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماستىن گويا 11 بىتىمنى قوغدىغۇچى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ خەلقنى ئالدىماقچى بولاتتى.

ئەمما «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقە» سىدە قان تۆكۈش ئارقىلىق ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى.

5 - ئايغا كەلگەندە قەشقەردە خەلق دېموكراتىك كۈچلىرىنىڭ كۈچلۈك نامايىشى بولدى. بۇ نامايىش جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ماڭغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭجىجۇڭ ئەپەندى قەشقەرگە بارغاندا بولغان ئىدى. 10 مىڭغا يېقىن نامايىشچى ئامما جاڭجىجۇڭ ئەپەندىگە 11 بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

دېمەك جاڭجىجۇڭ ئەپەندى 1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە داۋام قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئايروپىلان بىلەن توپ - توغرا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىدىمۇ ئۇزۇن تۇرماستىن لەنجۇغا قايتىپ كېتىپ، شىنجاڭدا قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بەردى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇت سەبرىنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىپ 11 بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى، مەسئۇت سەبرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە رەئىس بولۇپ تەيىنلىنىشى 11 بىتىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى، چۈنكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەسئۇتنى ئۆلكە

رەئىسلىكىگە تەيىنلەشتە ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ۋە ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم ئىدى،
ئۇلار ئۇنداق قىلماستىن بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ئۇنى ئۆلكە
رەئىسى قىلغانلىقىغا خەلق نارازى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەكسىيەتچى ھەربى دائىرىلەر مەسئۇتنى
ئىشقا سېلىپ 11 بىتىمگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق
قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى غەزەپكە
كېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن نامايىشلار ئۇيۇشتۇرۇپ مەسئۇتنىڭ
ئۆلكە رەئىسى بولغانلىقىغا قارشى چىقتى. مەسئۇت ئەمەلدىن
قالدۇرۇلسۇن، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى
داۋاملىق ئۆتىسۇن دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىشتى، لېكىن گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچى گورۇھى خەلقنىڭ ھەققانى پىكىر - تە-
لەپلىرىگە قۇلاق سالماستىن، مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىنى
ھىمايە قىلدى.

نامايىش قىلىش، پىكىر - تەلەپ قويۇش ئارقىلىق
ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا خەلقنىڭ كۆزى يەتمىدى.
شۇنىڭ بىلەن بۇ 11 بىتىم ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان
تۇرپان، پىچان، توخسۇن ناھىيىلىرىدە 1947 - يىلى 7 -
ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلقنىڭ قوراللىق كۈرىشى پارتلىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گورۇھى 100 نەچچە تال قورال
بىلەن كۆتىرىلگەن تۇرپان، پىچان، توخسۇن ناھىيىلىرىدىكى
دېخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، قۇمۇل،
تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق ئورۇنلاردا تۇرۇشلۇق ئىككى
پولك 7 باتاليون ئەسكىرىنى ئىشقا سېلىپ قانلىق باستۇ-
رۇش يۈرگۈزدى (تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ

قانلىق قىلمىچى ئاستىدا! بۇ ئۈچ ناھىيەدە 500 دىن ئارتۇق دىخانلار، زىيالى ياشلار قۇربان بولغان.) شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار ۋە باشقا جايلاردىمۇ كۆپلىگەن زىيالىلارنى قاماققا ئالدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى.

تۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىغىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى باش شتاپ لىخۇڭيۇن باشچىلىغىدا تېرورلۇق گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تۇرپاندا تۇرغۇزۇلغان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى ۋە قولغا ئالدى. لىخۇڭيۇن گۇرۇپپىسى يۈرگۈزگەن تېرورلۇق تولىمۇ دەھشەتلىك بولغىنى ئۈچۈن هازىرغىچە تۇرپان خەلقىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ.

دىمەك، 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۈچكە ئىگە بولغان «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» 1947 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك يولسىزلىق قىلىشى ۋە قان تۆكۈپ تېرورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا بۇزۇلدى.

1947 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىغىدىكى ئۈچ ۋىلايەت خادىملىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بىر تۈركۈم ۋەكىللەرمۇ غۇلجىغا كەتتى.

# 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە ئاتالمىش دېموكراتىك سايلامنىڭ سىرى

خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوپ

زۇلۇم، تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا زۇلۇمغا، تەڭسىزلىك ۋە خورلىنىشقا قارشى كۆتۈرۈلمىش بولماي قالمايدۇ. بۇ ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى. رايونىمىز شىنجاڭدىمۇ ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىمىز، ئۇلۇغ، شەرەپلىك جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە تولۇق ئازاتلىققا ئېرىشكەنگە قەدەر بولغان ئۇزۇن تارىخى جەريانىدا چىرىكلەشكەن چىڭ خاندانلىقى، باندىت - جاللات شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، يەرلىك فېئودال مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلاپلارنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

## 1

1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھى-

يىسىدىن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ئىنقىلاۋىمۇ ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ، يەرلىك فېئودال مۇستەبىتلەرنىڭ قاتمۇ-قات زۇلمى، تەڭسىزلىكى ۋە كەمسىتىشىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئىنقىلاپ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت ئىزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ بىردەك قوللىشى ئارقىسىدا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەندىن باشقا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان قۇمۇل، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى ۋە بۇ يەرلەردىكى ئىزىلىشكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ھەركەتكە كېلىپ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

مۇشۇنداق بىر شارائىتتا يەنى 45-يىلى 10-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، قوراللىق توقۇنۇشنى توختۇتۇشقا، كېلىشىم ئىمزالاپ شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلاۋى تەرەپمۇ گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەرھۇم رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلەرنى ۋەكىللى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. بۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن قېتىملىق سۆھبەت، كەسكىن تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن 46-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى 11 ماددىلىق تېچلىق بىتىمى ئىمزالاندى.

بىتىمگە ئاساسەن، 46-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى

شىنجاڭدا گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرى قاتناشقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ھۆكۈمەتكە گېنېرال جاڭجىجۇڭ
ئەپەندى قوشۇمچە رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شە-
ھىدىلەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە بەلگىلەندى. شۇندىن كېيىن شىن-
جاڭدا بىر مەزگىل تىنچلىق ئورنىتىلدى. قامالغانلارمۇ ھەر ئىككى
تەرەپتىن تەڭ قويۇپ بېرىلدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى
1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى
تەرەپ بىلەن بىتىم ھاسىل قىلىنغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەر ساھە قېرىنداشلارغا «ئورتاق
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەڭگۈ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرەيلى»
دېگەن مەزمۇندا مۇراجەتنامە ئېلان قىلدى.

## 2

كۆپچىلىك ۋە جامائەتچىلىككە مەلۇمكى، بىز يۇقۇرىدا سۆز-
لەپ ئۆتكىنىمىزدەك، گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى
گېنېرال جاڭجىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى
ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى، بىتىم تۈ-
زۈلگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ
رەئىسى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ
خەلقىگە قىلغان مۇراجەتنامىسىدە ئېيتىلغان: شىنجاڭ خەل-
قىنى ئازاپ - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇپ، تىنچ، ئىتتىپاق، بەختى-
يار تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدىغانلىق توغرىسىدىكى بايان قىلىنغان
سۆز ھەم ۋەدىلەر، پۈتۈن خەلقىمىزنى ناھايىتى زور ئۈمىتۋار-

ئىق ھىسسىياتىغا چۈمدۈرگەن ئىدى. بىتىمدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن شىنجاڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھاكىملىرى، ناھىيىلىك ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ھەر مىل- لەت خەلقىنىڭ ئۆزى ياقتۇرغان ۋە ئىشەنگەن كىشىلىرى ئىچىدىن دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن سايلاپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس سايلام نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقىلغان ئىدى. بۇ سايلامنى توغرا - ئادىل، ئىزچىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئورۇمچىگە چۈي ۋۇ. قۇمۇلغا ئۆيغۇر سايرانى، قاراشەھەرگە ئىبراھىم تۇردى، ئاقسۇغا ئابدۇرېھىم ئەيسا، قەشقەرگە سەيپىدىن ئەزىزى، يەكەنگە بۇرھان شەھىدى، خوتەنگە مەمتىمىن ھەزرەت، ئىلىغا جۇڭ دىخۋا، تارباغاتايغا تۇركىستان، ئالتايغا سالىس قاتارلىق كىشىلەر يېتەكچىلىكىدە مەخسۇس سايلام گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋە- تىلگەن ئىدى.

بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلەر- نىڭ ھاكىملىرى، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش؛ ھاكىمىيەتنى سايلانغان كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش ئارقىلىق مۇندىن كېيىن دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى ئومۇمى يۈزلۈك گۈللەندۈرۈش- نى مەقسەت قىلاتتى. ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىلىرىنى بىتىمدىكى شەرتلەرگە ئاساسلانغاندا يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن دېموك- راتىك ئاساستا سايلىنىپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەمما گو- مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ ئورۇنلارغا، ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى- ئالتاي، تارباغاتاي) ۋە قەشقەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

ئۈرۈمچىگە خاداۋاڭ، قومۇلغا يولۋاس، قاراشەھەرگە زوشۇپىڭ، يەكەنگە جۇفاڭگاڭ، خوتەنگە خودىڭباڭ (نۇربەگ)، ئاقسۇغا سېيىت ئەخمەت خوجىغا ئوخشاش قورچاقلارنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تىكلەپ قويغاچقا ئەمدىلا تىنجىشقا ۋە بىرلەشمىشكە قاراپ ماڭغان جەمىيەت، قايتىدىن ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ بۇ سەپلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن، ئۆتكۈر سىياسى كۆرەش يېڭىۋاشتىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. دېمەك، 11 ماددىلىق تېچلىق بىتىمى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دېموكراتىك سايلام مۇشۇنداق جىددى ۋەزىيەت ۋە كەسكىن سىياسى كۆرەش ئاستىدا باشلاندى.

بىز يۇقۇرىدا كۆرسەتكەندەك، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سايلام گۇرۇپپىسىغا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى مەسئۇل بولۇپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتىنى تەشكىل قىلىپ ئىش باشلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سايلىمىمۇ جىددى ۋە كەسكىن كۆرەشلەر بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ ۋىلايەتنىڭ سايلىمىدا ئىلغار، دېموكراتىك كۈچلەر ئۇستۇنلۈكنى ئېلىپ، ھاكىم، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلارنىڭ 70 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراغىنى تەشكىل قىلدى. لېكىن بۇ زېمىنى كەڭ شىنجاڭ رايونىدا قانلىق جەڭ ۋە جىددى سىياسى كۆرەشلەر ئارقىسىدا خەلق قولىغا كەلتۈرگەن ئازغىنا ھوقۇقىمۇ چىدىمىغان جياڭ جيېشى، ئەكسىيەتچى گورۇھى، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى ئېيتقاندەك «ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، خەلققە نىسبەتەن قىلچە مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقىنى، ھېچقانداق ھوقۇق-

«قىمىز ئىگە قىلمايدىغانلىقىنى» بىرىنچى قەدەمدىكى ئەمەلىيىتىدىلا ئىسپاتلاشقا باشلىدى. شۇڭا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىم ئاساسىدىكى دېموكراتىك سايلام يۈرگۈزۈلۈش بىلەن تەڭلا، گومىنداڭنىڭ جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربى، ساقچى ئورگانلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىشقا سېلىپ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن خەلقنىڭ ئىرادىسىنى بېسىپ، سايلامنى قۇرۇق شەكىلگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە جېنىنىڭ بېرىچە ئۇرۇندى. ئەكسىيەتچىلەر ئۆز مەقسىدىگە يېتەلمىگەن جايلاردا بولسا خەلق تەرىپىدىن سايلانغان ھاكىم ۋە كېڭەش ئەزالىرىغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلاپ، ئۇلارنى نەزەربەنت قىلدى، قامىدى. مەسىلەن، كۆ-چاردا سايلام ئالدىدا ئېچىلغان بىر چوڭ يىغىندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىسى قورااللىق كۈچلىرى يىغىن مەيدانىنى قامال قىلىپ بىگۇناھ خەلقنى ئوققا تۇتۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈپ كەلگۈسى بولىدىغان سايلامغا بۇز-غۇنچىلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بىتىمنى ھىمايە قىلغۇچى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كەسكىن ۋە جىددى سىياسى كۈرەشلەر باشلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇرۇمچى، قەشقەر شە-ھەرلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېسىمى ۋە تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئىلغار كۈچلەر ۋە ياشلارنىڭ ئىنقىلاۋى پائالىيەت مەيدانىغا ئايلاندى. يېڭى سايلانغان ھاكىملارنىڭ بىر قىسمى مەلۇم ۋاقىت خەلق تەلىۋىگە لايىق خىزمەت قىلىپ، خەلقنى ئاز-تولا خاتىرجەم قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇلغان ئەكسىيەتچىلەر يەنىلا خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر بالايى-ئاپەت بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاتالمىش

دېموكراتىك ھاكىمىيەت سايلىمى 46 - يىل 9 - ئايدا باشلىنىپ 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن ئاياقلاشتى. ئەمما، يەتتە ۋىلايەتتىكى بىر قىسىم ئىلغار ئىنقىلاۋى كۈچلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل تەھدىت ۋە بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقتىن ئۈرۈمچىنى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىپ ئىنقىلاۋى سەپنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى ۋە كۈچەيتتى.

## 3 .

47 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنى تەشكىل قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىش ئۈچۈن شىنجاڭ بويىچە جايلاردىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان سايلام يىغىنىغا چاقىردى. بۇ تەكلىپكە ئاساسەن جايلارنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى 4 - ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە يىغىلىشقا باشلىدى. بىز قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىغىغا سايلانغانلار: كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئوسمان داموللام، يۈسۈپ قارى ھاجىم، ئەمەت قازى ئاخۇنۇم، سۈزۈك ھاجىيوپ، سىدىق مۇسايوپ؛ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئابدىرىشىت ئەلەم ئاخۇنۇم، ئەمەت خۇيجاڭ، ئابدىرىز ھاجى، تۇردى ئابدىرېھىم؛ يوپۇرغا ناھىيىسىدىن سوپى سەلەي، ئابدىراخمان قارى ھاجىم؛ يېڭىسار ناھىيىسىدىن ئىمىر باقى، ئىسمايىل ئىبراھىم، روزى ئەيىيوپ؛ پەيزىۋات ناھىيىسىدىن ئابدىكېرىم ھاشىم،

نەسىەت ياقۇپ، ئابلىز نىياز، نىغمەت ئەشرەپ؛ ئۇلۇغچات
ناھىيىسىدىن مەھەممەت ھەسەن، مەھەممەت تۇرسۇن؛ تاشقورغان
ناھىيىسىدىن سىدىق خان غوجا، قۇربان دۆلەت؛ مارالۋېشى
ناھىيىسىدىن ئىسمايىل ئىبراھىم، ئابدىرېھىم لىتىپ، مۇسا
سايىتلار 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر شەھرىگە يىغىلدۇق.
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋالىيلىرى ئابدىكېرىم مەخ-
سۇم، قاسىمجان قەمبىرىلەر، مېنى ئومۇمى ئىشلار باشقۇرۇش خىز-
مىتىگە، ئابدىراخمان روزى ھاجىنى تەمىنات ئىشىغا مەسئۇل
قىلىپ تەيىنلىدى. بىز 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىگە
قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن ئاقسۇغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ
ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە گومىنداڭ ئارمىيىسى 65 - بىرىگادى-
سىنىڭ كوماندىرى خۇشاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. گەرچە
ئۇ ھەربى ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ۋەزىپىسىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە — سىياسى - قانۇن،
پارتىيە - مەمۇرى، مالىيە - ئىقتىسات، مەدىنى - مائارىپ تار-
ماقلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەڭ قول سېلىپ ئۇنى تىزگىنلەپ
تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا
ئاتالمىش «ئامانلىقنى ساقلاش، غەيرى نىيەتلىك ئۇنسۇرلارنى
يوقىتىش» دېگەن نامنى بېرىپ، بۇ گۇرۇپپىغا ئۆزىنىڭ
مۇئاۋىنى لى زوتاڭنى باشلىق قىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە
كەڭ دائىرىلىك ئىشپىيونلۇق تورىنى تەشكىللەپ ھەممە يەرگە
قاپقان قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى پەردە ئارقىسىدا قو-
ماندانلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەن ساختا سايلامى ئارقىلىق بىر
مۇنچە مۇتەئەسسىپ ئەكسىيەتچى كىشىلەرنى ئاتالمىش ئۆلكى-
لىك كېڭەش ئەزاسى قىلىپ سايلاپ بولغان ئىكەن. ئاقسۇ-

دىكى بۇ ئەكسىيەتچىلەر توپى بىز ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندىن
كېيىن بىزنىڭ ئارقىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن، بىر
تەرەپتىن ئالداش، يەنە بىر تەرەپتىن تەھدىت سېلىش قاتار-
لىق رەزىل ئۇسۇللارنى ئىشقا سالدى. جۈملىدىن بىزلەرنى
مېھمان قىلىمىز، دېگەن چىرايلىق ناملار بىلەن بىرقانچە
كۈن ئۇ باغ - بۇ باققا باشلاپ سەيلە قىلدۇرغان بولدى،
يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىمىزنى قوراللىق كۈچلەر بىلەن
قورشاپ ئوق ئېتىپ تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇپ ئىرادىمىزنى
بوشاتماقچى بولۇشتى، لېكىن ئاخىرى ھېچقانداق ئۈنۈمگە
ئېگە بولالماي بىزنى يولغا سېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما،
ئۇلار بىز ئۈچۈن چوڭ توساق ۋە قاپقاننى ئاللىقاچان
كۇچاردا قۇرۇپ قويۇپ، بىزنى ئاندىن ئاقسۇدىن مېڭىشقا رۇخ-
سەت قىلغانلىقىنى كۇچارغا كەلگەندىن كېيىنكى دۇچ كەلگەن
ئەھۋاللاردىن بىلدۇق. بىز كۇچارغا يېتىپ كېلىشىمىز
بىلەنلا ئۈچ ۋىلايەتتىن قېچىپ چىققان ياسىن قارى، تۇردى
قارى دېگەنلەر بىزنىڭ سەپىمىزنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھاقارەتلەپ
تۈرلۈك - تۈمەن تۆھمەتلەرنى چاپلاپ «خۇدا» ۋە «قۇرئان» ئۈستى-
دە قەسەم قىلىپ، خۇددى ئاقسۇ ئەكسىيەتچىلىرى ئاقسۇدا ئوينىغان
كومېدىيىدىن چوڭراق كومېدىيىنى ئوينىدى، بىزنىڭ ئىچىمىز-
دىكى قىسمەن دىنى زاتلارنى روھىي جەھەتتىن تەۋرىتىپ
قويدى. ئەمما بىز بۇ روھىي ھۇجۇمغا ئۇزۇل - كېسىل تاقا-
بىل تۇردۇق. كۇچاردىمۇ خۇددى ئاقسۇدىكىگە ئوخشاش

«باغ سەيلىسى»، قوراللىق تەھدىت قاتارلىق ئويۇنلار بىر قانچە كۈن داۋام قىلدى.

كۈچار ئەكسىيەتچىلىرى يۇقۇرقى ئۇسۇللاردىن ئۆزى رازى بولغىدەك بىرەر مەنپەئەت ئالالمىغاچقا ئاخىرى ئاقسۇ كېڭەش ئەزالىرىنى بىزگە يولبويى تەسىر كۆرسىتىشكە تاپىلاپ ماشىنىغا ئارىلاش ئولتۇرغۇزۇپ ماڭغۇزۇش ئويۇنىنى ئوينىدى. شۇندىن كېيىن ماڭغان يولىمىز، چۈشكەن ئۆتەڭلىرىمىزمۇ كەسكىن ۋە جىددى كۈرەش مەيدانىغا ئايلاندى، ھەتتا ئۇلارنىڭ خېلى كۆپچىلىگىدە يان قوراللىرىمۇ بار ئىدى. ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئېغىر، جىددىلىگىگە قارىماي، بىزمۇ ئۆز پائالىيىتىمىز ۋە تەسىرىمىزنى داۋاملىق كۈچەيتكەن ھالدا ئۇلار بىلەن تىغمۇ ـ تىغ كۈرەش قىلىپ قارا شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. قارا شەھەردىكى ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھەربى ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇ يەرنىڭ ۋالىسى زوشۇپىڭ بىز كېلىشتىن بۇرۇنلا يۇقۇرى خەلق سودىنىڭ رەئىسى ناسىر داموللا باشچىلىغىدىكى ئەكسىيەتچىلەر توپىنى تەربىيىلەپ، بىزگە قارشى تەييارلاپ قويغان ئىكەن. بىز قارا شەھەرگە يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن بۇ ئەكسىيەتچى توپ ئاقسۇ ئەكسىيەتچى كۈچىگە قوشۇلۇپ بىزگە تېخىمۇ جىددى روھىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقسۇنىڭ ئەكسىيەتچى كېڭەش ئەزالىرى بىلەن قارا شەھەرنىڭ قارا كۈچلىرى بىرلىشىپ دىنى مۇتەئەسسىپلىكىنى بايراق قىلغان ھالدا ئىچىمىزدىكى ئاخۇنلىرىمىز ۋە مۆتىۋەر زاتلىرىمىزنى بىزدىن تارتىۋالماقچى بولدى. دېمەك قارا-شەھەرمۇ بىز ئۈچۈن خۇددى ئاقسۇ، كۈچارغا ئوخشاش قاپقان قويۇلغان ئۈچىنچى چوڭ ئۆتكەل بولدى. قارا شەھەردە ناسىر

داموللا دىگەن يالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قارىلاپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغاچقا، ئاقسۇ، كۇچارلاردا قىسمەن تەۋرىنىپ قالغان دىنى زات ۋە مۆتىۋەرلىرىمىزنى خېلىلا ئىككىلەندۈرۈپ قويدى . نەتىجىدە ئەھۋالىمىز تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. ئارىمىزدىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئالدى. ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىمىزدا يەنە بىر نەچچە كۈنلۈك يول بار ئىدى (ئۇ ۋاقىتتا يول-قاتناش ناچار بولغاچقا ماشىنىمۇ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى). بۇ يوللارنى بىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خالىشىچە بولغاندا ئاقسۇ ۋە قاراشەھەرنىڭ ئەكسىيەتچى كېڭەش ئەزالىرى بىلەن بىللە بېسىشىمىز لازىم ئىدى ۋە مۇنداق ۋەزىيەت ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىق بولاتتى.

بىز سېپىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ، مېڭىشنى قارار قىلدۇق. يول ئۈستىدە ۋە چۈشكەن جايلىرىمىزدا بىز ئاقسۇ، قاراشەھەر ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئارىمىزنى بۇزۇش ئۈچۈن قىلغان قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى، ھىلە-نەيرەڭلىرى، ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرى، دىنى جەھەتتە مۇناپىقلارچە قىلغان قەسەملىرىنى پاش قىلىپ ئۆز ئارا ئىتتىپاقىمىزنى چىڭىتىپ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى تار-مار قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ چارە-تەدبىرىمىزنىڭ ئۈنۈمى خېلى چوڭ بولدى.

بىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل ئەخمەتجان قاسىمى تۇرغان نەنخۇايۈەنگە (ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورنى) بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن خۇشال ھالدا

كۆرۈشتۇق. بۇ كىشى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، جىلانوپنى قوشۇپ ئۈچ ۋىلايەت كېڭەش ئەزالىرى تۇرغان شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قىزىل بىناسىغا ئەۋەتتى. بۇ يەردە بىزنى يولداش سەيپۇللايوپ باشلىق ئۈچ ۋىلايەت كېڭەش ئەزالىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شۇندىن كېيىن بىز بارلىق پائالىيەتلىرىمىزنى ئۈچ ۋىلايەت كېڭەش ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىزنىڭ پۈتۈن جەريانى دۈشمەنگە قارشى ئۆتكۈر سىياسى كۈرەش بىلەن تولغان سەپەر بولدى.

## 4

بىز يۇقۇرىدا بايان قىلغان ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەر قاتارلىق جايلار بىز ئۈچۈن ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىق سىياسى جەڭ مەيدانى بولغان بولسا، ئەمدى ئالدىمىزدىكى ئۈرۈمچى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئۆتكەل ۋە تېخىمۇ كەسكىن سىياسى جەڭ مەيدانى ئىدى. بۇ مەيداندىكى كۈرەشتە بىزنىڭ ئاساسى مەقسىدىمىز ۋە نىشانىمىز شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى سايلاپ، ئۇنىڭ تەشكىلى ئاپاراتىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، خەلق ئىشەنگەن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن سايلاپ چىقىش بولغاچقا، بىز ئۈچۈن مەقسەت ئېنىق، نىشان ئايدىڭ ئىدى. ئەمما بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن

شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى شارائىتىدا، بىزنىڭ قەتئى ئىرادىگە كېلىپ، چىش - تىرناقلىرىغىچە قوراللانغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشىمىز، رەقىپلىرىمىز بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشىپ، قەتئى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم ئىدى. لېكىن جەمئىيەتنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى بىز ئۈچۈن پايدىسىز ھەر خىل كەسكىن كۈرەشلەر بىلەن تولۇپ - تاشقاچقا يۇقۇرىدىكى ئۈمىتنى ئاسانلىقچە قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى، چۈنكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ۋىلايەتلەرنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنى گومىنداڭچىلار توخسۇنغىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋېلىپ، ئۇلارنى شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ ئالى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇردى، راھەت - پاراغەت تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە جەلپ قىلىپ، پۇل ۋە مەنسەپ بىلەن سېتىۋېلىپ بىزگە قارشى قويدى. دېمەك ئۈرۈم-چىنىڭ سىياسى ھاۋاسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، گەرچە كۆزنىدۇزلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تېچ كورۇنسىمۇ، كېچىلىرى شەھەر ئىچى ۋە شەھەر سىرتىدا تولىمۇ ئەن-سىزلىك — خاتىرجەمسىزلىكلەر يۈز بېرىپ، ھەر خىل ۋەقەلەر بولۇپ تۇراتتى. بىزنىڭمۇ ئۈرۈمچىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ شارائىتىغا ماسلىشىپ ئۆز پائالىيىتىمىزنى باشلىشىمىزغا توغرا كەلدى.

بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ سىياسى ھاۋاسىنى ئاستا - ئاستا چۈشەندۇق، ئۈرۈمچىمۇ مەيدانىدا مۇس-تەھكەم تۇرالمىغان، تەۋرىنىپ قالغان كىشىلەرنى پۇلغا، مەن-سەپكە، راھەت - پاراغەتكە قىزىقتۇرۇپ، ئۆزىگە تارتىپ ئىنق-لاپقا - خەلققە قارشى ئىشقا سالىدىغان بىر ئوچاققا ئايلىنىپ-

مۇ قالغان ئىكەن. بۇنداق رەزىل ئويۇنلارنى ئويناشتا گو
سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ
ۋاڭ زىڭشەن قاتارلىقلار، بىرسى ئەمەل تامغىسىنى كۆرسەت
بىرسى تاغارلاپ پۇللارنى تەڭلەپ ئىرادىسىز كىشىلەرنى سې
ئىشلىرى بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىدىكەن. بۇنداق
بىزنىڭ ئىچىمىزگىمۇ مەلۇم تەسىرنى كۆرسىتىپ ئىچ
بەزى ئىرادىسىز كىشىلەرنى تەۋرىتىپمۇ قويغان ئىدى
ئىشلاردا مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ ۋە ئاشكارا بىر ئى
بەگنىڭ «سەنمىن جۇيىچىلار ياشلار ئىتتىپاقى» نامىدا
چوڭ - تەنتەنىلىك بىر زىياپىتىدە ئاشكارا بولدى.
پەت پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەش ئە
كۈتمۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، زىياپەتنى
خانى بولغان ئەيسا ئالىپتېكىن ئىدى. بۇ ئادەم زىياپە-
زىياپەت قاتناشچىلىرىنى ئۆزىگە تارتىش مەقسىدىدە تەشۋىقات
خاراكتېرلىق سۆز قىلدى. مېھمانلارمۇ داستىخان ئۈستىدە
ئارىلاش ئولتۇرغاچقا ئۆز ئارا بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش
ئويۇنلىرىنىمۇ ئوينىدى. زىياپەت ئاخىرىدا ئەيسا بەگ بىز
تەرەپتىكى كېڭەش ئەزالىرىدىن بىرقانچە كىشىنى مەخسۇس
ئۆيگە باشلاپ كىرىپ سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتە ئاۋال ئەيسا
بەگ سۆز ئېلىپ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى تىللاش، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلاۋىنى قارىلاش ئارقىلىق بىزنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى.
كېيىنىرەك بەزى كىشىلىرىمىزگە خېلى كۆپ مىقداردا پۇل بېرىشنى
ۋەدە قىلىپ ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق ئارىمىزنى بۇزۇشقا، بۆلۈ-
ۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز بۇلارنىڭ بۇن-
داق سۇيىقەستىگە ئالدانماي ئەھۋالنى بىزگە مەلۇم قىلىپ تۇردى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆزىگە كۆپرەك قارىتىۋېلىپ، كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمەت سايلىمىدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئاۋاز سانىنى كۆپەيتىۋېلىش ئىدى. لېكىن خەلق تەرىپىدىن، توغرا مەيداندا تۇرغۇچىلار ھېلىمۇ كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينايدىغانلار بولمىغاچقا سايلامدا غەلىبە قىلالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىككىنچى بىر يول، سايلام ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش، ھەر خىل چاتاق چىقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بۇنداق جىددىي كۈرەش ۋە ئېلىشىش يېرىم ئايچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال جاڭجىجوڭ ئەپەندى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ غەربىي بىناسىغا ھەممە ۋىلايەتلەردىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرىنى چاقىرىپ گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇت سەبىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس قىلىپ بېكىتكەنلىكى توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلدى. شۇندىن كېيىنلا يىغىن تالاش-تارتىش ۋە جىددىي سىياسىي كۈرەش مەيدانىغا ئايلىنىپ ھەممىمىزگە (ئىلغارلارغا) ۋاكالىتەن قەشقەر كېڭەش ئەزاسى ئابدىرىشىت ئەلەم ئاخۇنۇم سەللىسىنى قولىغا ئېلىپ شىرەگە ئۇرۇپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىپ نارازىلىق بىلدۈردى.

دېمەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 11 بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ مەسئۇت سەبىرىنى بىرتەرەپلىمە ھالدا قورچاق رەئىسلىككە تەيىنلەپ قويۇشى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا مەس-

ئۆتنىڭ قورچاق رەئىسلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى خەلق نامايىشلىرى ئارقىمۇ-ئارقا قوزغىلىپ، سىياسى ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. شۇندىن كېيىن ۋەزىيەت بارغانچە كەسكىنلەشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلاۋىي خەلقچىل كۈچلەرنى ئۇچراتقاندا ئۇرۇپ كېتىدىغان، تۇتۇپ كېتىدىغان ھەتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋاللار تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇ ئەھۋال گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى يېرىم يولدا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈنلا يالغان تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ 11 بىتىمگە ئىمزا قويۇش ھىلە-نەيرىڭىنى ئوينىغانلىقىنىڭ سىرىنى تېخىمۇ ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تېرورلىقى ئاشكارا باشلىنىپ، كېڭەش ئەزالىرىمىزنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش قىيىنلاشقانلىقى ئۈچۈن، مەسلىھەتلىشىپ 47-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا كەتتۇق. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە قالغان مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىن بارغان كادىرلارمۇ بىزدىن كېيىن ئۇزاققا قالماي ئارقىمۇ-ئارقا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

## 5

بىزلەر ئىلىغا يېتىپ بېرىشىمىز بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىزنى چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالدى. بىز ئىلىغا كېلىشىمىز بىلەنلا كېڭەش ئەزالىرى نامىدىن 7 ۋىلايەت خەلقىگە قارىتىپ مۇراجەتنامە

ئېلان قىلدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا قاراپ ھەر خىل تارماقلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەڭ مۇھىمى، بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقىدا «7 ۋىلايەت خەلقچىللار بىرلەشمىسى» نى تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى 7 ۋىلايەتتىن غۇلجىغا ئۆتكەن ئىلغار ئىنقىلاۋىي ياشلار ۋە مەرھۇم ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىدا دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن ئىنقىلاۋى پارتىزانلارنى كۆتۈۋېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنقىلاپ سېپىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇق ۋە ھەممىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ئىشتاتلىق كادىرلىرى قاتارىغا قوشۇلدۇق، ئۆلكىمىز شىنجاڭغا ئۇلۇغ جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ پارلاق تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىپ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، سەيپۇللايوپ، ئىمىنوپ، مەتتىمىن خەلپەت ھاجىيوپ، سىدىق مۇسايوپ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەربى ۋە مەمۇرى تەشۋىقات ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىپ مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئازاتلىق تەنتەنىسى قىلدۇق. شۇندىن كېيىن، ئۇلار پارتىيىنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسىنى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئېسىل خىسلەت ـ پەزىلەتلىرىنى جەنۇبتىكى ھەممە ۋىلايەتلەرگە كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەمۇرى، سىياسى، مالىيە،

ماتارىپ ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىشتەك مۇھىم ئىشلارنى قىلدى. بۇ ئورۇنلارغا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئادىل كىشىلەرنى بېكىتىپ، ئەكسىيەتچىلەر قولىدىكى ھوقۇقنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ خەلق خىزمەتچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ، خەلقنى ئەركىن نەپەس ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلدى.

قالغان بىر قىسىم كېڭەش ئەزالىرى ئۈچ ۋىلايەت مەمۇرى، ھەربى كادىرلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بۇ يەر-دىكى چوڭ تەنتەنىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇقەددەس بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرى-غىنى شىنجاڭنىڭ مەركىزى شەھرى ئۈرۈمچىگە قاداشقا شە-رەپ بىلەن قاتناشتى.

# تېپچىلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازاتلىق
# ھارپىسىغىچە خوتەندە بولۇپ
# ئۆتكەن ئىشلار

جاپپار ئەھمەت

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ
دىلىق تېپچىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېـ
1 ـ كۈنى بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
يىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ
ھۆكۈمىتىنى ۋە مىللى ئارمىيىنى ئېتىراپ
ولدى؛ تۈرمىدىكى بارلىق سىياسى مەھبۇسـ
ى؛ گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنىڭ دېموكـ
نى — سۆز ـ مەتبۇئات ئەركىنلىكى، تەشكىـ
يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، ئولـ
رچۈش ھوقۇقلىرىنى — ئېتىراپ قىلىشقا
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى، قوراللىق كۈچ
اغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭ
ت قىلىغاندىن كېيىن، سىياسى جەھەتتە
وك غەلىبە ئىدى. غەلىبە خەۋىرى

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تېزلىكتە تارقىلىپ، خەلققە زور ئىلھام ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. خۇددى كەلكۈن سۇ ھەممە جاينى قاپلىغاندەك، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى غەزەپ-نەپرىتى، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى ئىنتىلىشلىرى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئىنقىلابنىڭ ئوت-يالقۇنى ھەممە جاينى قاپلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئاچقان يول ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئويۇشقان كۈچنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتقان ئىدى. شۇڭا بىتىمدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملانغان خوتەن ياشلىرىمۇ «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى»نى قۇرۇپ، ئويغانغان كۈچلەرنىڭ يېڭى ئىتتىپاقلىقىنى نامايەن قىلدى.

تېچلىق بىتىمىنىڭ بىر ماددىسىدا: «شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك زاتلاردىن مەمۇرى ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ناھىيىلەردە كېڭەش ھەيئەتلىرىنى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدۇ، كېڭەش ھەيئىتى ھاكىملارنى سايلاپ چىقىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىي سايلام باشلىنىپ كەتتى. سايلامدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورۇن ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا، ھەچ بولمىغاندا ئۆز يالاقچىلىرىنى، يەرلىك مۇتەئەسسىپ

كۆچلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىشقا تىرىشاتتى: ئويغان-
غان خەلق ئاممىسى بولسا گومىنداڭنىڭ زالىم، قانخور،
پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلىرىنى ۋە گومىنداڭ پەرەس ئۇن-
سۇرلارنى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئادىل،
خەلقپەرۋەر، ۋىجدانلىق كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقى-
رىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى سايلام ئەمەلىيەتتە ئىن-
قىلاۋىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى
بىر مەيدان چوڭ سىياسىي كۆرەش ئىدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتى 1946 - يىلى 11 -
ئايدا باشلاندى. خوتەننىڭ سايلام ئىشلىرىغا نازارەت
قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا (شۇ ۋاقىتتا تەمرات
نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى، كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائا-
ۋىن رەئىسى بولغان، ئازاتلىق ھارپىسىدا چەتئەلگە چىقىپ كەت-
كەن) ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئىمىن مەخسۇم باشچىلىغىدا بىر قانچە
كىشىلەر كەلگەن ئىدى. سايلامنىڭ بېشىدىلا «ئىنقىلابچى ياش-
لار تەشكىلاتى» گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي
گەۋدىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالى-
يىتىنى شۇ چاغدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ئۇيغۇر مەدىنى
ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، «خو-
تەن گېزىتى» ئىدارىسى، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى،
دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى، چايخانا، مەكتەپ قاتارلىق ئاممىۋى
تەشكىلات ۋە مەدىنى - مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇل-
لىرى ۋە مۇتلەق كۆپچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلار ھەم شەھەر ئاھالىسى قوللايتتى. ياشلار تەشكى-
لاتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردە گۇرۇپپىلىرى بولمىسىمۇ، لې-

كىن بۇ تەشكىلات ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىلغار ياشلار ۋە دېموكىراتىك ئىدىيىدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى. سايلام مەزگىلىدە ياشلار تەشكىلاتى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر ساھە خەلقلىرىنى ئويغىتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سايلام غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلغان ئىدى. شۇڭا سايلامنىڭ بېشىدىلا خوتەن، قارىقاش، لوپ، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەردە ئىلغار كۈچلەر ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان «سايلام ھەيئىتى» ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگەللىدى. خوتەن ناھىيىسىدىكى سايلام تەييارلىق ھەيئىتى قارمىقىدا قۇرۇلغان سايلام تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكى 160 نەچچە كىشى ئىچىدە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي گەۋدە بولغاندىن تاشقىرى، شېڭ شىسەي ۋاقتىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن، مەدىنىيەت كادىرلىرى كۇرسى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، ئەينى ۋاقىتتا چېن تەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىدە ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان زىيالىيلار كۆپچىلىكنى ئىگەللەيتتى، «سايلام خەۋەرلىرى» گېزىتىنى مەن ۋە زۇنۇن رۇستەم بىرلىكتە ئىشلەيتتۇق.

سايلام تەشۋىقات گۇرۇپپىسى بارغانلا يېرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىنى ئاممىغا يەتكۈزدى. تېچلىق بىتىمىنى تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلمىنى، بەگ - بوجاڭلارنىڭ زوراۋانلىقىنى دادىل پاش قىلدى. خەلقنى بۇ قېتىمقى سايلامدا يەنە

زۇلۇم - كۈلپەتكە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزى ئىشىنىدىغان
ياخشى كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا سايلاشقا چاقىردى. سايلام
تەشۋىقاتى مەزگىلىدە شەھەردىن يېزىغا قەدەر كەڭ ئەمگەكچى
خەلق زور كۆلەمدە كۆتىرىلىپ گومىنداڭغا قارشى نارازىلىق
ئاۋازلىرى تېخىمۇ ياڭرىدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ كۈچ سېلىش-
تۇرمىسىدا ئىلغار، دېموكراتىك كۈچلەر ئۈستۈنلۈككە
ئىگە بولۇپ، گومىنداڭنىڭ مەمۇرى ئورۇنلىرى ۋە ئەمەلدار-
لىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. سايلام رەسمى باشلانغاندا
خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلام نەتىجىسى گومىنداڭچىلارنى تېخى-
مۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى بۇ ناھىيىدە يېزىلاردىن
سايلانغان360 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە ئىلغار كۈچلەر ⅔ قىسمى-
دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان بولسا، ناھىيىلىك كېڭەش
ھەيئىتىنىڭ سايلىمىدا 25 نەپەر كېڭەش ئەزاسى ئىچىدە
ئىلغار كۈچلەر 21 ئورۇننى ئىگەللەپ، خوتەندىكى ياشلار
تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىسى ئابدىقادىر ھەسەن (ھازىر ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى ئەزاسى) ناھىيى-
نىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغان ئىدى.

سايلامدا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەربى ۋە ساقچى ژاندارمىلىرىنى،
كونا ئەمەلدارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرى ئىگەللەپ
تۇرغان ھوقۇقتا تايىنىپ، خەلققە قارشى يېڭى زوراۋانلىق
باشلىدى. ئۇلار خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلىمىدا پۈتۈنلەي
مەغلۇپ بولغاچقا، «يوقۇرىدىن تەستىق كەلمىدى» دېگەننى
بانا قىلىپ، يېڭى سايلانغان ھاكىمغا تامغىنى ئۆتكۈزۈپ
بېرىشنى رەت قىلدى. قارىقاش ناھىيىسىدە بىر توپ ئىشپىيون-

لار ۋە لۈكچەكلەرنى قوزغاپ، ئابدىخالىق ساقى، نەسىردىن سىدىق، مەتنىياز مەتتۇختى قاتارلىق ياشلارنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى ۋە قانۇنسىز ھالدا قولغا ئالدى. كىرىيە ناھىيىسىدە ئىمىن تۇرسۇننى «ياقا يۇرتلۇق» دەپ چەتكە قاقتى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، قوراللىق تەھدىت سالدى، ئىرادىلىك كىشىلەرنى باستۇردى، ئىرادىسىز كىشىلەرنى سېتىۋالدى، بۇ ئارقىلىق سايلامغا زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى سايلىۋېلىشىغا يول قويمىدى. شۇڭا خوتەننىڭ سايلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇ مەزگىلدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزى، يەكەن ۋىلايىتىگە كەلگەن بۇرھان شەھىدى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوتەنگە كەلدى. گومىنداڭچىلار قارىقاشتا قولغا ئېلىنغان ياشلارنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلمىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قايتىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش بىر تەرەپ قىلىندى. ئەمما سايلامغا نازارەت قىلىشقا كەلگەنلەر خوتەندىن قايتقان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئىنقىلاۋىي ياشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان «ياشلار تەشكىلاتى» ئىمىن ئىسلام (خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى)، ئابدىخالىق ساقى، يۈسۈپ سەئىدى (شۇ چاغدىكى خوتەن كېزىت ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرى) قاتارلىق كىشىلەرنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۇرۇمچى ۋە قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەن ھاكىمى ئابدىقادىر

ھەسەن قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گومىنداڭنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8 - پولكى شەھەر ئىچىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، شەھەر ۋە يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى چەكلىدى. ناماز شامدىن كېيىن ئۆيدىن سىرتقا چىقىشنى مەنئى قىلدى. قارىقاش ناھىيىسىدە قانۇنسىز «تەكشۈرۈش پونكىتى» قۇرۇپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سىرتتىن خوتەنگە كەلگەن ياكى خوتەندىن سىرتقا چىقماقچى بولغانلارنى قارىقاش ناھىيىسىدە تۇتۇۋېلىپ مال - مۈلكىنى بۇلىدى، بەزىلىرىنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى ياكى قولغا ئالدى. جۈملىدىن سايلام ۋاقتىدا تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان پېشقەدەم ئارتىست ۋە ئوقۇتقۇچى ئەمەت ئۆمەر (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق دىراما تىياتىرىدا) قەشقەرگە تۇققان يوقلاشقا ماڭغاندا قارىقاشتا تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇردى ۋە مال - مۈلكىنى بۇلىۋالدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى كوممۇنىستلار قوزغىغان، ئۇلار غەلىبە قىلسا دىننى يوقىتىدۇ، مىچىتلەرنى چاقىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. كىمكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ھىمايە قىلغان، سايلامدا خەلق تەرىپىدە تۇرغان بولسا، ئۇنى «كوممۇنىست»، «قىزىل پاچاق»، «دەھرى» دەپ ئاتىدى. شۇ قېتىمقى سايلام تەشۋىقاتىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ باش ئەگدۈرۈش مەقسىتىدە «يۇقۇرىدىن پۇل كەلمىدى»

دىگەن بانا بىلەن (ئۇ چاغدا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مائاش سوممىسى بىۋاستە ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلەتتى) بىر قانچە ئايغىچە مائاش تارقىتىشنى توختىتىپ قويدى.

مۇنداق ئەھۋالدا «ئىنقىلاپچى ياشلار تەشكىلاتى» ئۈرۈمچىگە مەخپى ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى شىكايەت قىلغاندىن تاشقىرى، ھەر ساھەدىكىلەرنى ھەركەتلەندۈرۈپ، نارازىلىق ئەرزلىرىنى يازدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر خوتەنگە كەلدى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن خەلق ئامىسىنىڭ ئۇچرىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى «قوغداش» نامى بىلەن ھەربىي ۋە ساقچى ئىشپىيونلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئورۇنلاشقان ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق كونترول قىلدى. كىچىككىنە ئىلچى بازىرى (خوتەن شەھەر رايونى) ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈندى. گۈلباغنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭىشەھەر رايونى گومىنداڭچىلارنىڭ كونترول قىلىشىدا بولۇپ، قورچاق 8 - پولك سېپىل ئۈستىگە ئەسكەر چىقىرىپ، پىلىموت، توپ، زەمبىرەكلەرنى تىكلەپ ھەيۋە قىلسا، پوقراچە كىيىنگەن ئەسكەر ۋە ساقچى ژاندارمىلىرى بىر توپ لۈكچەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، خالىغانچە زورلۇق قىلدى؛

كونىشەھەر رايونى ۋە قىزىق دەرۋازىسى ئىلغار كوچىلەرنىڭ كونتىروللۇقىدا بولۇپ، شەھەر كوچىسى يېزىدىن كىرگەن دىخانلار بىلەن تولغان ئىدى. «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى!»، «گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىغىغا قارشى تۇرايلى!» دىگەن شوئار سادالىرى ھەر تەرەپتە ياڭرايتتى. شۇ كۈنلەردە خوتەننىڭ قورچاق ۋالىسى نۇربەگ (خودېگباڭ) مۇئاۋىنى ۋالى ئەخمەتتوختى ئەلەم، خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىنى ھاكىمى روزى مەمەت بەگ (نەن شۇسەن)، ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇنىياز ھاجىلار خاتەم ھاجى، قازىبەگ، ئىمىن بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، زىكرۇللا بەگ قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق يېزىلاردىن پىچاق، چوماق بىلەن قوراللانغان ئادەملەرنى كۆپلەپ كەلتۈرۈپ، ئىلغار ياشلارنى ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنى تۇتۇش، ئۇرۇپ ـ سوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى زوراۋانلىق كۈچ ئارقىلىق ئاياق ـ ئاستى قىلماقچى بولدى. لېكىن خەلق كۈچلىرىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىغا ئەرز ـ دات قىلىشقا ماڭغاندا، بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر يولنى توسىۋالغانلىقتىن، جىددى توقۇنۇش يۈز بەردى. خەلق توپى ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ سەللىسىنى تارتىۋېلىپ، چوڭ پومىششىك خاتەم ھاجىنى ئۇرۇپ خىيمىر قىلىۋەتتى، بەگلەر تەشكىللىگەن لۈكچەكلەر شايكىسىنى سۇر ـ توقاي قىلىۋەتتى.

ئەنە شۇنداق جىددى بىر پەيتتە، ئەخمەتجان قاسىمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، ئۇلارنىڭ سۇيىقەست قىلىشىدىن قورقماي، كونىشەھەر رايونىغا بېرىپ ئامما بىلەن بىۋاستە يۈز كۆرۈشتى. بىر مۇنچە ئائىلىلەرنى

زىيارەت قىلدى. شەھەردىن 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پىلە-ئۈزۈمچىلىك كارخانىسىغا چىقىپ ئىشچىلارنى يوقلىدى. بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ غەيرەت روھىنى مەدھىيىلىدى، ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باشلىقلار قاتنىشىش بىلەن خوتەندە يىغىن ئاچماقچى بولغاندا ئالدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ دائىرىلىرى يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭى بىر كومېدىيە ئوينىدى. ئۇلار ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى يېزا - يېزىلارغا ئەۋەتىپ، رايون - يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە ئون مىڭ چوماق ياسىتىپ، دېھقانلارنى چوماق كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىشكە ۋە «نامايىش قىلىش» قا زورلىدى. يىغىن كۈنى كىشىلەر توپى ئىلچى بازىرىنىڭ سىرتىدىكى «راۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. چوماقلىرىنى قارا رەڭدە بويىغان «نامايىشچىلار» 3 دىن سەپ بولۇپ، يېڭى بازاردىن شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ساقچى ئىشپىيونلىرى بار ئىدى. سەپنىڭ ئالدىدا قازاندەك سەللىسىنى لەپىلدەتكەن ئەخمەتتوختى ئەلەم، قوللىرىغا قامچا تۇتقان قازى بەگ، ئىمىن بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قامچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دېھقانلارنى «يوقالسۇن كوممۇنىستلار»، «يوقالسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى»، «يوقالسۇن ئەخمەتجان»، «خوتەننىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلمايمىز» دېگەندەك ئەكسىيەتچى شوئارلارنى توۋلاشقا زورلايتتى. «نامايىشچىلار» ئارىسىغا يوشۇرۇنغان لۈكچەكلەر

يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىلغار كىشىلەرنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى. جۈملىدىن شۇ كۈنى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ۋە خوتەن ناھىيىلىك سودا-سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز خۇيجاڭ، ئىلغار سودىگەر مۇھەممەدىن ھاجى قاتارلىق بىر قانچە كىشى ئېغىر يارىلاندى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر بۈگۈنكى نامايىشنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ خەلق كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشمەكچى ئىدى.

30 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن باشلاندى. يىغىن مەيدانىمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىنى «نامايىشچىلار قوشۇنى» ئىگەللىگەن ئىدى. بىستىمنى ھىمايە قىلغۇچى كۈچلەر يىغىن مەيدانىنىڭ سول تەرىپىدە قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، كۆرۈنۈشتە «نامايىشچىلار» كۆپ سانلىق، بىز «ئاز سانلىق» بولساقمۇ، لېكىن يېزىلاردىن مەجبۇرى ھەيدەپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ قەلبى بىزگە مايىل ئىدى. گومىنداڭچىلار خەلقنى «ئەخمەق، دۆت»، «بىز نېمىگە زورلىساق شۇنى قىلىشقا مەجبۇر» دەپ ئويلىغاچقا، ئۇلار ناھايىتى مەغرۇر ئىدى.

ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن جاڭ جىز-جوڭ ئەپەندى سۆزگە چىقىپ، گومىنداڭ دېموكراتىيىسىنى سۆزلەپ، «ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم كەڭ خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى» ئېلان قىلدى، ئارقىدىن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇت سەبرى ئاۋاز بېرىشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالاپ: «ئاۋال ئىلگىرىكى سايلام كۈچكە ئىگە دېگۈچىلەر قول كۆتىرىڭلار» دېدى. مەيداندا بىرنەچچە مىڭ قول ئېگىز كۆتىرىلدى. بۇ قوللار

ئىچىدە يېزىدىن مەجبۇرى ھەيدەپ كىرىلگەن دېخانلارنىڭ قولى ھەممىدىن كۆپ ئىدى، «قولۇڭنى تاشلا» دېگەن ۋاقىراشلار بىلەن تەڭ بەگ، بوجاڭلارنىڭ قامچىلىرى ۋە لۈكچەكلەرنىڭ چوماقلىرى دېخانلارنىڭ بېشىغا چۈشۈشكە باشلىدى. لېكىن شۇنچە كۆپ قوللارنى بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ زوراۋانلىغى قانداقمۇ پەسكە چۈشۈرەلىسۇن! «سايلامنى كۈچكە ئىگە ئەمەس دېگۈچىلەر قول كۆتىرىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندا، خۇددى ساسلىقتا ئۈنگەن شالاڭ جىگدىدەك، ئۇ يەردە بىر قول، بۇ يەردە بىر قول كۆتىرىلدى. بۇلار ئاساسەن كونا ئەمەلدارلار، بەگ، بوجاڭلار ۋە «نامايىشچىلار» ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر، لۈكچەكلەر، يەر ئىگىلىرى ئىدى، مەيدان ئىچى مەسخىرە كۈلكىلىرى بىلەن تولدى.

— جاپاكەش خوتەن خەلقى! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرماممىدەك ياڭراپ، خەلق قەلبىنى ھاياجانغا سالدى، — سىلەر تارىختا ئەڭ كۆپ ئېزىلگەن خەلق، نامراتلىق دەردىنى ئەڭ كۆپ تارتقان خەلق، شۇڭا سىلەر ھاكىمىيەتنىڭ توغرا، ئادىل، خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشىغا بەكمۇ مۇھتاج، بىز، ئۆتكەنكى سايلامنى ھىمايە قىلىپ، ئاسمانغا كۆتىرىلگەن قوللارنىڭ كۆپلىگىدىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشەندۇق، خۇددى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىم كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، — دېدى ئۇ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، — ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار بويىچە ھەل قىلىدۇ!

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ كۈنى كومىنداڭ ئەكس-

يەتچىلىرى ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان ساختا نامايىش ئارقىلىق ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك سولىشىپ كەتتى. ئەخمەتجان ئەپەندى ۋە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىلەر خوتەندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەرز - دات قىلىشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلىمىز ئىمىن ئىسلامنىڭ خوتەنگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىسى جۇ فاڭگاڭ ۋە پاسار بەگلەرگە مەخپى خەت يېزىپ ئۇنى يەكەندە قولغا ئالدى. ئىمىن ئىسلام ئەسلى خوتەننىڭ تەۋەككۇل رايونىدىن بولۇپ، شېڭ شىسەي ۋاقتىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئىلغار ياش ئىدى (ئازاتلىقتىن كېيىن يولداش ئىمىن ئىسلامنىڭ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن يەكەن سېپىلى ئاستىغا تىرىك كۆمۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى، ئۇ خوتەن خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بولۇشقا مۇناسىپ!)

شۇ يىلى 5 - ئايدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر خوتەندىكى ئىلغار كۈچلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن «ياقا يۇرتلۇقلار خوتەندىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن ئەكسىيەتچى شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ۋىلايەتلەردىن كېلىپ خوتەندە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىلغار ياشلاردىن سىيىت توختى، مۇھەممەت خۇداۋەدى، ئەزىمىتى، ئابدۇرۇسۇل قاتارلىق 50 نەچچە كىشىنى خىزمىتىدىن بوشىتىپ، مەجبۇرى ھالدا ئۆز يۇرتىغا ھەيدىدى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ دائىرىلىرى تېچلىق بىتىمگە خىلاپ ھالدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ رازىلىقىنى

ئالماي تۇرۇپلا، مەسئۇت سەبرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىپ ھەرقايسى جايلاردا ئۆز ئالدىغا سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر ئوچۇم غالچىلىرىنى تەختكە چىقاردى. جۈملىدىن جىن شۇرېن ۋاقتىدا خەنزۇچە مەكتەپتە (شۆتاڭدا) ئوقۇغان روزىمەمەت بەگ (نەن شۇسەن) نى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئوبۇلقاسىم بەگنى ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى. قارىقاش ناھىيىسىدە مەتقۇۋان پازىل، لوپ ناھىيىسىدە ئاخۇن زاكىر ئىسمايىل خان؛ چىرىيە ناھىيىسىدە چوڭ ئاخۇن؛ نىيە ناھىيىسىدە ئابدۇۋاقى قاتارلىق كىشىلەر ھاكىملىققا بەلگىلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىيەتچىلىكتە ۋە مۇتەئەسسىپلىكتە ئۇچىغا چىققان قارا قوساقلار بولۇپ، گومىنداڭچى خوجايىنلار قاياققا يېتىلىسە شۇياققا چاپاتتى، خەلقنىڭ غەم - قايغۇسى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، زورلۇق - زوراۋانلىقنى كۈچەيتكەنسېرى خەلقنىڭ قارشىلىقى شۇنچە ئۇلغايدى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرى گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تۇرپان خەلقى ئۈستىدىن ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپلا قالماي، شىنجاڭ بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ۋە ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى باستۇردى. شۇ يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە رامىزان ئېيى ئىدى) بىر

كۆنىنىڭ ئىچىدىلا خوتەن ناھىيىسىدە 86 ئادەمنى قولغا ئالدى، قارىقاش، كېرىيە، گۇما، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ 150 دىن ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىندى. گومىنداڭ ساقچىلىرى شۇ قېتىمقى قولغا ئېلىشتا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىغى بولمىغان ھوشۇر ئەيسانى كېرىيىدىن خوتەنگە ئەكىلىۋېتىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كەلگەندە «قارشىلىق كۆرسەتتى» دېگەن بانا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىت خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئاتاقلىق ئىسكىرىپكا چېلىش ماھىرى، ئۈسۈن مىلىك مېتىرلىق يۈگۈرۈشنىڭ چېمپىيونى ئىدى. ئۇ، ئۈچ ۋىلا- يەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 1945 - يىلى مەن بىلەن قولغا ئېلىنىپ، تېچلىق بىتىمدىن كېيىن تۈرمىدىن چىققان ئىدى. ئۇ، جىگەرلىك يىگىت بولغاچقا، گومىنداڭ ساقچى - ژاندارمىلىرىنىڭ دىخانلارنى بوزەك قىلىش، ئاياللارغا زورلۇق قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئۇچراتقاندا بىر قانچە قېتىم ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنىڭ ئەدەپىنى بەرگەن ئىدى. بىرتىم مەزگىلدە ئۇ، ئۆزىنىڭ چاراقلىق ئىسكىرىپكىسى ۋە ياقراق ناخشىلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

خوتەن ناھىيىسىدە قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممى- سى شۇ كېچىسى بىر پەي ئەسكەرنىڭ قوراللىق ھەيۋىسى ئىچىدە گومىنداڭ 8 - پولكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىل- دى. بۇ قامالغان تۈرمە خوتەن سېپىلى ئىچىدىكى ھەربى گازارمىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، «قاۋىقاش دەرۋازىسى» تەرەپتىكى «سىسرە خوجام» مازىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. تۈر- مىدە «جىگبىيشى» دەپ ئاتىلىدىغان 3 ئېغىزلىق تار كامېر

ۋە بىر ئېغىزلىق چوڭ ئۆي بولۇپ، ئالدى تەرىپى چوشقا قوتىنى جايلاشقان باغ ئىدى. 18 ـ كۈنى ئەتىگەندە 26 كىشىنى تاللاپ ھېلىقى «جىگدىيىشى» گە ئەكىلىپ قاماشتى. تۆرمە تار، كۈن ئىسسىق، قوساق ئاچ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە قىيىنىلاتتۇق. قامالغانىنىڭ 3 ـ كۈنى پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ۋاڭ ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ، 3 كامىردىكى 26 كىشىنى بىر جايغا يىغدى. «سەنلەر بىزگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشساڭمۇ، — دىدى ئۇ ۋاقىراپ، — لېكىن بىز سەنلەرگە تاماق بېرىشنى لايىق تاپتۇق». شۇنىڭدىن باشلاپ كۈنىگە ئىككى قېتىم تاماق بېرىدىغان بولدى. ھەر قېتىمدا 100 گىراملىقتىن 2 جىگدىموما ۋە بىر ساپلىقتىن قايناقسۇ بېرەتتى، ئەتىگەندە ۋە كەچتە 2 قېتىم تەرەتكە ئېلىپ چىقىدىغان بولدى.

10 ـ ئاينىڭ باشلىرى 8 ـ پولك بىزنى بىر بىرلەپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن «خەۋپلىك ئۇنسۇر» دەپ ئاتالغان 26 كىشى سوراققا تارتىلدى. سوراقنى پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىرى ۋاڭ ۋە ليۇلار قىلدى. گومىنداڭنىڭ بىزنى قارىلايدىغان ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتى يوق ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئالدىن ـ ئالا تۈزۈۋالغان 10 نەچچە سوئالى بولۇپ: «تەشكىلاتىنىڭ نامى نىمە؟ قاچان قۇرۇلغان، باشلىقى كىم؟ ئاساسلىق كىشىلىرى كىم؟ سېنىڭ ۋەزىپەڭ نىمە؟ قاچان قوزغالماقچى بولغان؟» دىگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىقرار قىلمىغانلارغا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەگەر ئەيىپكار بۇ جاۋاپنى رەت قىلسا مۇزلۇق ئۆيگە سولاپ ئاچ قالدۇرۇش، ئالقانغا 3 قىرلىق تاياق بىلەن ئۇرۇش، قولنى

ئارقىغا قىلىپ ئېسىپ قويۇش، ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىپ
قويۇش، ئىرمىقىغا مىق قېقىش قاتارلىق فاشىستىك ۋاستىلار
بىلەن ئازاپلاشقا ئۇچرايتتى. ئىرادىسى ئاجىزلاردىن بىرسى
«قورالنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئايرۇپىلان ئارقىلىق تەكلىماكان
چۆلىگە تاشلاپ بەرمەكچى ئىدى» دەپ ئىقرار قىلغان ئىكەن،
كېيىن بۇ جاۋاپ ھەممە كىشىنى ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ بىر
مەزمۇنى بولۇپ قالدى. تۈرمىدە ياتقانلار ئىچىدە «ئىنقىلاپچى
ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرىدىن بىر قانچە كىشى بولساقمۇ،
لېكىن ھېچكىم بۇ تەشكىلاتنىڭ سىرىنى دۈشمەنگە پاش قىلىپ
قويمىدى. ئۇلارنىڭ قىيىن ـ قىستاق ئارقىلىق ئېگە بولغىنى
پۈتۈنلەي يالغان جاۋاپلار ئىدى، لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق ھېچ-
قانداق دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان «ئىقرارنامە» لارغا ئاسا-
سەن «خوتەن ۋىلايىتىدە قوراللىق ئىسيان كۆتىرىش ئەنزىسى»
دېگەن بىرنىمىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا
سىرتتىكى يالاقچىلىرىنى كۈشكۈرتۈپ «ئىسيانچىلارغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىش شىكايەتنامە» لىرىنى يازدۇرۇپ، ئەكسىلئىنقى-
لاۋىي جامائەت پىكرى توپلىدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى
تەشۋىقات كارنىيى بولغان ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «خەلق ئاۋا-
زى» مەجمۇئەسى ۋە باشقا ئەكسىيەتچى گېزىتلەر جايلاردا
قولغا ئېلىنغانلارنى «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇغى، ئۇلار بېسىق-
تۇرۇلمىسا، جاھان تىنجىمايدۇ» دەپ يېزىشتى. خوتەندىكى
ئىسھاق قاتارلىقلار «تۇرپان ۋەقەسى» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى
يېزىپ چىقىپ، سەھنىلەردە قويۇش بىلەن گومىنداڭغا قارشى
كۈچلەرنى «ئوغرى، بۇلاڭچى، چەتئەلگە سېتىلغان» قىلىپ
كۆرسىتىشتى. لېكىن خەلق ئامىسىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە

نارازىلىق ئەرزلىرىنى يېزىپ گومىنداڭچىلارنىڭ ھىلە-نەيرەڭ-
لىرىنى پاش قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا غەزەپ-
نەپرەت ياغدۇردى، تۈرمىدىكىلەرمۇ مەخپى نارازىلىق ئەرزلىرىنى
يېزىپ يۇقۇرىغا يوللىدۇق.

شۇ يىلى 11-ئايدا يۇقۇرىدىن ھەربىيلەردىن تەركىپ
تاپقان بىر ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ
قايتا سوراق باشلىدى. سوراققا يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەكىلى
سۈپىتىدە ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىدىن سادەيىپى
(ئۇيغۇر)، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئوبۇلقاسىم
بەگلەرمۇ قاتناشتى. مۇتلەق كۆپ قىسىم يولداشلار سوراق
ئۈستىدە ئاتالمىش «ئىسيان كۆتىرىش ئەنزىسى» نىڭ پۈتۈنلەي
يالغانلىغىنى پاش قىلدى. ئىلگىرى قىيىن-قىستاق ئاستىدا
ئىقرار قىلغانلارمۇ ئىقرارنامىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھېچقانى-
داق دەلىل-ئىسپاتى بولمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرى-
لىرى 1947-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1948-يىلىنىڭ 9-ئايلىرىدا
قاماقتىكىلەرنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، تۈرمىدىن بوشىتىشقا
مەجبۇر بولدى.

1949-يىلى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى غەر-
بىي شىمال رايونىغا قاراپ چوڭ يۈرۈش باشلىدى. گومىنداڭ
ئارمىيىسى تەرەپ-تەرەپتە مەغلۇپ بولۇپ، جېنى تۇمشۇقىغا
كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەندىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر
خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن ئىلاننىڭ قۇيرۇغى ھەركەتتىن توختىما-
مىغاندەك، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى توختاتمىغان ئىدى.
1948-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋالى سايلىمىدا روزى
مەمەت بەگ (نەن شۇسەن) ۋالىلىققا، ۋاڭ جاۋجى مەئاۋىن

ۋالىلىقا سايلانغاندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى.
ۋاڭ جاۋجى گومىنداڭ «جۇڭتۇڭ سېستىمىسى» نىڭ ئىشپىيونى
بولۇپ، ھەم جاھىل، ھەم ھىيلىگەر ئىدى. روزى مەممەت بەگ
گەرچە ۋالى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىزگىنى ۋاڭ جاۋجىنىڭ قولىدا
ئىدى. ۋاڭ جاۋجىنىڭ پىلانلىشى بىلەن 1949 - يىلى 6 - ئايدا
خوتەندە «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى»
(قىسقارتىلغان ئىسمى ياشلار جەمئىيىتى) قۇرۇلدى. بۇ ئورۇن-
نىڭ كونكرېت خىزمىتى ياشلار ئىچىدە گومىنداڭ تەشۋىقاتىنى
ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم
«پەنتى مۇزاكىرە يىغىنى» دېگەن نام بىلەن دوكلات يىغىنى
ئۆتكۈزۈلەتتى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى
قېتىملىق يىغىندا 8 - پولك كوماندىرى لۇ گۇاڭيۈەن ۋەزىيەت
ھەققىدە دوكلات بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «غەلىبە»
قىلىشىدىن ئىبارەت سەپسەتىنى بازارغا سالدى. ئۇ: «گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدەك كۈچلۈك ئارقا تىرەككە، سان جەھەتتىن
ئۈستۈن بولغان قوراللىق كۈچكە ئىگە، بىز چوقۇم غەلىبە
قىلىمىز، كوممۇنىستلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ كاپشىدى.
شۇ يىلى 8 - ئايدا يەكەندىكى 4 - ئاتلىق بىرىگادىنىڭ 7 -
پولكى پولك كوماندىرى خۇڭ يادۇڭ يېتەكچىلىكىدە بىرىگادا
كوماندىرى تاڭ جىڭرەننىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەمىناتىنى
خىيانەت قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتقانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈ-
رىلگەن ئىدى. بۇ چاغدا خوتەندە لۇ گۇاڭيۈەن، ۋاڭ جاۋجى
قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر كۆرۈنۈشتە «يەكەن ئىسيانىدىن مۇدا-
پىئە كۆرۈش» دېگەننى بانا قىلىپ، ئەمەلىيەتتە خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن
ھەرقايسى ناھىيىلەردە «ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» دېگەن

بىر نەمىلەرنى تەشكىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قول - چوماقلىرىغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. ئۇلار خوتەندە دارىلمۇئەللىمىن ۋە سانائەت مەكتىۋى قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ ئەترەتنىڭ تەلىم - تەربىيە ئوبيېكتى قىلماقچى بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، خوتەن تېلېگراف ئىدارىسى ۋە سانائەت مەكتىۋى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدىراخمان پازىل، سەيدۋاققاس، زىن خىن قاتارلىق يولداشلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، گومىنداڭنىڭ ھالاك بولۇش ۋاقتى ئاز قالغانلىقى ئۈستىدە ئۆز ئارا پاراڭ سېلىشقانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق خەۋەرلەرنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىدىن ئۆلگىدەك قورققان 8 - پولك ئەتىسىلا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ ھەربىي تۈرمىگە قامىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ئاللىقاچان تېلېگرامما ئارقىلىق تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى جاھىل مۇرتەتلىرى بۇ خەۋەرنى بىر مەزگىل قامال قىلىۋېلىپ، ئاممىغا ئۇقتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، چەتئەلگە قېچىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان ما بۇفاڭنىڭ ئادەملىرى ۋە فانتۇركىست تەرەپدارلىرى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا توپلانغان ئىدى، مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئايالى ئامىنىخان ھاجى، قۇربان قوداي قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى چەتكە قېچىشقا قۇترىتسا، يەنە بىر

تەرەپتىن: «بىز كۆپ بولسا بىر يىل، بولمىسا 6 ئايدىن
كېيىن قايتىپ كېلىمىز، كوممۇنىستلار ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ
بولىدۇ» دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتتى. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى
ۋە بەگ-بوجاڭلارمۇ تەرەپ-تەرەپتە قۇتراپ يۈرۈپ: «كوممۇ-
نىستلار كەلسە دىنىنى يوقىتىدۇ، ئازاتلىق ئارمىيە خوتۇن-
قىزلارنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقىتىشتى.
گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى جاھىل كۈچلىرىنىڭ ئازاتلىق
خەۋىرىنى قامال قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىغۋا تارقىتىشىغا
چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا خوتەندىكى ئىلغار ياشلار
خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىگە يىغىلىپ، «ئازاتلىق ئارمى-
يىنى كۈتۈۋېلىش تەشۋىقات ئۆمىكى» نى قۇردۇق، بۇ ئۆمەكنىڭ
تەشۋىقات چىقىمىغا ۋاڭ جاۋجى، روزى مەمەت بەگلەر ياردەم
بېرىشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت موللايوپ ئەكسىيەتچى كۈچلەر-
دىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، بىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىن-
لىدى. تەشۋىقات ئۆمىكى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەنتەنى-
لىك تەبرىك يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن
ئازات بولغانلىقىنى تەبرىكلىدۇق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلې-
گىرام يوللاپ، ئۇلارنىڭ ھەققەتكە قايتقانلىقىنى ئالقىشلىدۇق.
شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىمىز بازار كۈن-
لىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە يېزىلارغا چىقىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ئازات بولغانلىقىنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچى
كۈچلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا رەددىيە بەردۇق، بىزنىڭ بۇ ھەركى-
تىمىزگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىغان
ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغۇن-

چىلىق قىلىش ئۈچۈن «خوتەن ئىنقىلاۋىنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دىگەن بىرنىمىنى تەشكىل قىلىپ، بىزگە: «قاتناشقانلار ئازاتلىق ئارمىيە كەلگەندىن كېيىن مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا كۆتىرىلىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىشتى، ۋاھالەنكى، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرلىرىدىن بىرى ئۆزىنى «پىشقەدەم مائارىپچى» دەپ ئاتىۋالغان لو زىفاڭ، بىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى يۈەن گۇ ئىدى. لو زىفاڭ 1945 ـ يىللىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، 1946 ـ 1948 ـ يىللىرى گومىنداڭنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋالى مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتى ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى. ئىمىن ئىسلامنىڭ يەكەندە ئۆلتۈرۈلۈشىدىمۇ ئۇنىڭ قولى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ «ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دەسلەپتە بىر قىسىم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرالىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بارغانسىرى قولايسىزلىقىنى ھېس قىلغان ۋاڭجاۋجى بىر دوملاپلا «تەشۋىقاتچى» بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى بىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

بىزنىڭ تەشۋىقات ئۆمىكىمىزنىڭ پائالىيىتى بارغانسىرى كۆچەيمەكتە ئىدى. خەلق تۆت كۆزى بىلەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەنگە بالدۇراق يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەزەلدىن بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلگەن شورۋاغلىق مەتتۇردى بەگ بىزگە باشقىلاردىن ئۇققان مەخپى خەۋەرنى ـــ «ئاخشام لو گۇاڭيۈەن، ۋاڭ جاۋجى، روزى مەممەت بەگ، نۇر بەگ،

قازىبەگ، ئىمىن بەگ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر 8 - پولكتا
مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق
ئادەملىرىنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى» بولغانلىقىنى.
ئازاتلىق ئارمىيە كەلگەندە «بۇلار مىللەتچىلەر بولغىنى
ئۈچۈن ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ خوتەنگە كېلىشىگە قارشى تەش-
ۋىقات قىلدى، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خەلق ئۇلارنى ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ قۇتۇلماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى.
بىز شۇ كۈنى كېچىسى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىگە
يىغىلىپ، جىددىي تەييارلىق ۋە ھوشيارلىق ئىچىدە تاڭ
ئاتقۇزدۇق، ئەتىسى ئەتىگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 15 -
پولكىنىڭ جاڭ تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئالدىن يۈرۈش قىلىش
قىسمى خوتەنگە كەلدى. دېمەك، ئۇلارغا ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ
شۇ كۈنى خوتەنگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلىن-
غاچقا، ئۆز سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىكەن.
12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خوتەن تارىخىدا يېڭى سەھىپە
باشلاندى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى خۇشال - خۇراملىققا
چۆمدى. ليۇفاش ۋۇتۇەنجاڭ. سىياسى كومىسسار خۇاڭ چىڭ
باشچىلىقىدىكى 15 - پولك جەڭچىلىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنى
كېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇدىن خوتەنگە كېلىدىغان جاڭگال يولى
«خوتەن قېيىسى» ئارقىلىق 20 نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە
بېسىپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى تەشۋىقات ئۆمى-
كىمىزنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر
مىللەت خەلقى داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ شەھەردىن 10
نەچچە يول يىراقلىقتىكى قوشكۆلگە چىقىپ جۇڭگو خەلق
ئازاتلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى.

ئەتىسى ئېچىلغان ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش چوڭ يىغىنىدىن كېيىن، بىزنىڭ نامايىش قوشۇنىمىز ۋاڭ جاۋجى، روزى مەممەت بەگ، نۇر بەگلەرنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىش بىلەن ئارمىيە ئىشتابىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق.

مېنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەسلىكى تەبىئى، شۇنداقلا ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە بەزى نۇقسانلاردىن خالى ئەمەس، شۇڭا باشقا يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# 1945 - يىل 8 - ئايدىن 1947 - يىل 8 - ئايغىچە يەكەندە بولغان ۋەقەلەر

ئىسمائىل ئەسقەرى

1945 - يىل 8 - ئايلاردا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ( جۇملىدىن يەكەن تەرەپكە ) كېڭىيىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كەڭ خەۋەر تارقالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان ئاۋام خەلق بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تولىمۇ خۇرسەن بولۇشتى ۋە بىر بىرىگە خوش خەۋەر قىلىپ يەتكۈزۈشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ 7 ۋىلايەتكە قاراپ تېز كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت زور ۋەقەنى خەلقتىن يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن خەلقنى بىخوت قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئىنقىلاپنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىپ ئىنقىلاپقا قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، ئىلى ئارمىيىسىنى « بىر قىسىم تاغ ئوغرىلىرى » دەپ ئاتاپ، ھەممە ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپلەردە ۋە يېزىلاردا «تاغ ئوغرىلىرىغا ئەگەشمەڭلار، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار»،

«تاغ ئۇغرىلىرى كېلىپ قالسا، تۇتۇپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. شەھەر ياكى يېزا پۇقرالىرىدىن كىمكى باجنى ياكى ئالۋاڭ ـ ياساقنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسا ئۇنىڭغا «باجنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماي، تاغ ئۇغرىلىرىغا تاپشۇرماقچىمىدىڭ؟!» دەپ بېسىم ئىشلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، جېنىنى قۇتقۇزۇشقا ئىچكى جەھەتتىن جىددى تەييارلىق كۆردى. مەسىلەن، كونىشەھەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنى يېڭىشەھەرگە كۆچۈرۈش تەييارلىقىنى كۆردى. بەزى ئىدارە باشلىقلىرى ئۈرۈمچىگە كېتىشكە تەييارلاندى، پۇقرادىن ئالىدىغان باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى كۆپەيتتى ۋە جىددىلەشتۈردى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى تېخىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئىدارىلار كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆچۈشكە باشلىدى. كونىشەھەردىكى ئىدارىلارنىڭ ھەممىسى تاقالدى. پەقەت باجخانا ئەڭ ئاخىردا يەنى پۇقرادىن باج ئالالمايدىغان دەرىجىگە كەلگەندىلا كۆچۈپ چىقتى. كونىشەھەردىكى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى يېڭىشەھەرگە كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن قونىشەھەرنىڭ 4 دەرۋازىسىنىڭ ئۈچى، يېڭىشەھەرنىڭ ئىككى دەرۋازىسىنىڭ كورۋات تەرەپتىكى بىرسى چىڭ تاقالدى. كونىشەھەرنىڭ يېڭىشەھەرگە چىقىدىغان دەرۋازىسى يېرىم تاقالدى ۋە نەچچە قەۋەت پوس قويۇلدى. كونىشەھەردىكى جەمئىيەتلەر ۋە مەكتەپلەرمۇ پۈتۈنلەي تاقالدى. شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالغاندىن كېيىن، يېزىلاردىن شەھەر-

گە كىرىدىغان ئاشلىق، ئوتۇن، جاندار، كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەر پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى، ھەتتا يېزىدىن شەھەرگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇمۇ توختاپ قالدى. شەھەر ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئوزۇقلۇق ۋە يېقىلغۇلارنىڭ باھاسى ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. خەلق-نىڭ بۇ ھالى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەت كارى بولمىدى. شەھەر ئىچىدىكى كۆللەرنىڭ سۈيى يېتىشمىگەچكە، ئاھالە ئۆز ھويلىلىرىغا قۇدۇق كولىدى، ئەمما بۇ قۇدۇقلارنىڭ بەزى-لىرىدىن سۇ چىقمىدى. 1946 - يىلى 2 - ئايدا شەھەر دەر-ۋازىلىرى ئېچىلغانغا قەدەر كونىشەھەر خەلقى ئەنە شۇنداق قىيىن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈردى.

خەلق مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا تۇرۇۋاتقاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى كونىشەھەردىن ئۆزى «گۇمانلىق» دەپ قارىغان بىر قىسىم كىشىلەر ۋە ياشلارنى (جەمئى 50 كىشىنى) ئارقا - ئارقىدىن تۇتۇپ، يېڭىشەھەر تۈرمىسىگە قامىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەكەننىڭ قاغىلىقتا تۇتۇشىدىغان يېزا ۋە تاغلىرىدىكى دېخانلاردىنمۇ «گۇمانلىق» دەپ بىلگەنلىرىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئونلاپ تۇتۇپ كېلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى شۇ يىلى 12 - ئايدا قاغىلىق تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ يەكەنگە يېقىنلاشقاندا يەكەندىكى گومىنداڭ سىلىڭبۇسى مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. بولۇپمۇ قاغىلىق يولى تەرەپتىكى خانىقا دەرۋازىسىنىڭ مۇدا-پىئەسىنى ئالاھىدە كۈچەيتتى. (دەرۋازا چىڭ تاقالغان ئىدى.)

دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ساقچى پەيچۇسىنى شىمتاپ قىلىپ ئەسكەرلىرىنى سېپىل ئۈستىگە ۋە دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قاتمۇ-قات ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. بىر كۈنى كەچتە مىللى ئارمىيە جەڭچىلىرى يېتىپ كېلىپ بۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى يولنىڭ ئىككى چېتىگە جايلاشقان ئاھالە ئۆيلىرىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ( ئاھالىلار كۆچۈپ كەتكەن ) ھۇجۇم باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. ئۇرۇش كېچىچە توختىماي داۋام قىلدى. مىلتىق ۋە پىلىموت ئوقىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن يېقىن - يىراق-تىكى ئاھالە ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى. ۋاقىت يېرىم كېچىگە بارغاندا مىللى ئارمىيە جەڭچىلىرى سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ گومىنداڭ ھەربىلىرىنى خېلى ئالدىراتتى.

شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا باياك ( تاجىك ) ئىسىملىك بىر-سى گومىنداڭ ھەربىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. ئۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىۋېلىپ « خەلققە ئىبرەت قىلىمىز » دەپ، بۇ باشنى كونىشەھەرنىڭ دىگەر-لىك دېگەن يېرىدىكى بىر دەرەخكە ئېسىپ قويۇشتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇرۇش ھالىتى تۈگەپ 1946 - يىلى 2 - ئايدا شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلدى. شەھەرگە ئاشلىق ۋە ئوتۇن كىردى. يېڭىشەھەرگە كۆچۈپ كىرىۋالغان ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى يەنە كونىشەھەرگە قايتىپ چىقىپ، ئاۋالقى ئورۇنلىرىدا ئىش باشلىدى. تاقىلىپ قالغان خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە مەكتەپلەر قايتىدىن ئېچىلدى.

1946 - يىلى 5 - ئايلاردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن
«جەنۇبىي شىنجاڭ تەپتىش ئۆمىكى» كەلدى. بۇ ئۆمەككە
جاۋشىگۇاڭ (شىنجاڭ گارنىزون باش شىتاۋىنىڭ باش سەنمۇ-
جاڭى — كېيىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ
جۇنجاڭى) باشلىق، ئۇرۇمچىدىكى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ
رەئىسى ئۆمەر داموللا ۋە ئىبراھىم تۇردىلار مۇئاۋىن باش-
لىق ئىدى. بۇلار يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى
«گەيشەڭ» دىگەن يەردىكى كۇلۇپتا چوڭ ئاممىۋى يىغىن چاقى-
رىلىپ، يىغىنغا ھەر ساھەدىكىلەردىن مىڭغا يېقىن كىشى
قاتناشتى. يىغىنغا ئۆمەك باشلىغى جاۋشىگۇاڭ ئۆزى بىۋاستە
رىياسەتچىلىك قىلىپ، بۇ يىغىننىڭ خەلقتىن پىكىر ئېلىش
ئۈچۈن ئېچىلغانلىغىنى، ھۆكۈمەتكە كىمنىڭ پىكرى بولسا
ياكى دەرت - ئەھۋالى بولسا، ئېيتىشقا بولىدىغانلىغىنى ئېلان
قىلدى. كۇلۇپ سەھنىسىگە جاۋجۇنجاڭ ۋە ئۇنىڭ تەرجىمانى-
دىن باشقا ھېچكىم چىقمىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئارىسىدا
ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ئەركىن كەسىپتىكىلەر
ۋە باشقا خىلدىكى پۇقرالار بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي پىكىر-
نى خەلق مۆتىۋەرلىرىدىن ئابلاجان باي دىگەن كىشى سۆز-
لىدى. بۇ كىشى ئوقۇمۇشلۇق، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل
بۆلىدىغان، خەلقپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز پىكرىدە يەكەندىكى
گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ خەلققە سالغان تۈرلۈك ئېغىر ئال-
ۋاڭ - ياساق ۋە باج - سېلىقلىرىنى نامى، سانى، ۋاقتى ۋە رېتى
بىلەن سۆزلەپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول
چوماقچىلىرى بولغان بەگ ۋە بوجاڭلارنىڭ خەلققە قىلغان تۈرلۈك
زۇلۇملىرىنى تولۇق پاكىتلىرى بىلەن ئېچىپ تاشلىدى.

ئابلاجان باينىڭ پىكىرلىرى، خەلقنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ پاكىتلىق پىكىرلەرنى جاۋجۇنجاڭمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولغان هالدا، تەرجىمانى ئارقىلىق خاتىرىلىۋالغان بولدى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە «تىنچلىق بىتىمى» (11 بىتىم) تۈزۈلگەنلىكى، بىتىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە 6 ئايغىچە (1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە) هەر قانداق باج ئېلىنمايدىغان بولغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈستىدىن يوغان بىر تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدى ئىلگىرى باجنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئوقەت قىلالماي كەلگەن بەزى هۈنەرۋەنلەر ئەركىن ـ ئازادە ئوقەت قىلدى. بازار ئاۋاتلىشىپ، سودا ـ سېتىق قىزىپ كەتتى، خەلق تۇرمۇشى بىر قەدەر ياخشىلاندى. قىسقىسى خەلق ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ئاز بېلىنى رۇسلىۋالدى. سىياسىي جەھەتتە، گومىنداڭنى هىمايە قىلىدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە «11 بىتىم» نى هىمايە قىلىدىغان خەلقچىل كۈچلەردىن ئىبارەت ئىككى سەپ شەكىللەندى. خەلقچىل كۈچلەر سېپىگە گومىنداڭدىن نارازى، خەلقپەرۋەر كىشىلەر، مەسىلەن: ئابلاجان باي، ئابدۇراخمان مەخسۇمدەك يۇرت چوڭلىرى، راپىجان بابايوپ، ماموت نۇر، سەمەت ئەمەتتەك زىيالىلار، مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچىلار، هەر خىل كەسىپتىكى هۈنەرۋەنلەر ۋە كەمبەغەل كىشىلەر قاتناشقان بولۇپ، بۇلار يەكەن كونىشەهەر ئىچىنى مەركەز قىلغان ئىدى. بۇ سەپكە باشچىلىق قىلغۇچىلار «خەلقچىل كىشىلەر» دەپ ئاتالدى (ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئاساسەن يېڭى-

شەھەرنى مەركەز قىلدى). شۇڭا خەلقچىل كۆچلەرنىڭ پائا-
لىيىتى ئاساسەن كونىشەھەردە بولدى.

1946 - يىلى 8 - ئايلاردا «11 بىتىم» ئاساسىدا يې-
ڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائا-
رىپ نازارىتى ئەنۋەر يۈسۈپ ئىسىملىك بىر كىشىنى جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن
ئىدى. بۇ كىشى يەكەن تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، شۇ ۋا-
قىتتىكى ۋالى جۇفاڭگاڭ باشلىق يەكەندىكى گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى. 46 - يىل
11 ئايدا، بۇرھان ئەپەندى باشلىق سايلام ھەيئەتى يەكەنگە كەل-
گەندە ۋە 47 - يىل 4 - ئايدا جاڭ جىجوڭ ئەپەندى، ئەخمەتجان
قاسىملار «11 - بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى
كەلگەندە بۇ ۋەقە خېلى چىڭ سۈرۈشتە قىلىنغان بولسىمۇ،
ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

1946 - يىل 9 - ئايلاردا، گومىنداڭ دائىرىلىرى
«يەكەن بىلەن مەكىت ئارىلىقىدىكى تاشيولنى ياسايمىز»
دەپ خەلققە يول ئالۋىڭى سالدى. گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن تا-
شالماي تۇرغان ئامما بۇ ئالۋاڭغا قارشى ئۆزلىكىدىن ناما-
يىش ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىشقا ھەر ساھەدىكىلەر، ياشلار ۋە
ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 3 مىڭچە ئادەم قاتناشتى ۋە مامۇت
نۇر دىگەن ئوقۇتقۇچى باشچىلىق قىلدى. نامايىشچىلار ھەدى-
گەرلىك دىگەن يەرگە جۇغلىشىپ تۇرغاندا، ۋىلايەتلىك ساقچى
ئىدارىسىنىڭ يۈسۈپ ئىسىملىك دۇساجاڭى كېلىپ، نامايىش-
چىلارنى باستۇرماقچى بولدى. ئەمما غەزەپكە كەلگەن ناما-
يىشچىلار ساقچىلارنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن

زوكۇنلىشىپ، ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى. ئەگەر يەنىمۇ چىڭ
تۇرسا ياكى قورال ئىشلەتسە چوڭ ۋەقە چىقىپ كېتىمدىغانلىـ
غىغا كۆزى يەتكەن دۇساجاڭ ئەسكەرلەرنى باشلاپ قايتىـپ
كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، گومىنىـداڭ دائىرىلىـرى نامايىـش
قىلغۇچىلارنى باستۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

46 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، يـەكەنگە بۇرهـان ئەپەنـدى
باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر «11 بىتىم» بويىچە خەلق سايـ
لىمى ئۆتكۈزۈشكە (دېموكىراتىك ئاساستا شيەنجاڭ سـايلاشقـا)
باردى. بۇلار «سايلامغا نازارەت قىلىش ھەيئىتى» دەپ ئاتالدى.
بـۇ ئۆمەك يەكەننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتىنىـى ئالدىن ئىـ
گەللىگەن بولسا كېرەك، شۇڭا يـەكەنگە كېلىـپ ھـۆكۈمـەت
ئورۇنلىرىغـا چۈشمەي، كـونىشەھەردىكى ئىسمائىل بەگ دىگەن
ئادەمنىـڭ هويلىسىغا چۈشتى ۋە يـەكەندىكى خەلقچىل كۈچلەر
بىلـەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلىدى. سايلامغا نازارەت قىلىش
ھـەيئىتى ئـالـدى بىلەن چوڭ يىغىن ئېچىـپ، نـاھىيىلىـك
سايلام ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. بۇ ھەيئەتكە ئابلاجان، ئابدۇراخمان
سەخسۇم، راپىجان بابايۇپ، ئىمىن ئاخۇن، سەمەت ئەمەت قاـ
تارلىق 7 كىشى سايلاندى. ئاندىن بۇ 7 كىشىلىك ھەيئـەت
ھـۆكـۈمـەت خىراجىـتى بىلـەن يېزىـمـۇ ـ يـېزا يـۈرۈپ،
«11 بىتىم» دىكى بەلگىلىمە بويىچە دېموكىراتىك ئاسـاستا
سايلام ئۆتكۈزۈلىدىغانلىغىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. بۇلارنىڭ
تەرەپ ـ تەرەپتە پائال ھەركەتلىنىپ، ئاۋام خەلقنى سەپەرۋەر
قىلىشى بىلەن ئـاۋال ھەر بىر يېزىدىن ۋە شەھەر مەھەللىـ
لىرىدىن نوپۇس سانى بويىچە ۋەكىل سايلىنىپ ناھىيىلىك كېـ
ڭەش ھەيئىتى (سەنيىخۇي) قۇرۇلدى. بۇ كېڭـەش ھەيئىتـى

هاكىمنى سايلاپ چىقتى. هاكىملىققا ئابلاجان سايلاندى. بۇ هاكىمنى ھەر ساھەدىكى خەلق بىردەك ھىمايە قىلدى.

1947 - يىل 1 - ئايدا يېڭى ھاكىم سايلانغاندىن كېيىن، بۇرھان ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىگىدە كونا ھاكىم دەي جىچىڭ خىزمىتىنى يېڭى ھاكىمغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، يەنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، مۇھىم خادىملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ۋاھاكازالار. يېڭى ھاكىم خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، ئىشنى خىيانەتچى ۋە زالىم ئەمەلدارلار، بەگ - بوجاڭلارنى خىزمىتىدىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خەلقپەرۋەر كىشىلەرنى قويۇش؛ خەلق ئۈستىدىكى، بولۇپمۇ دىخانلار ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقلارنى يېنىكلىتىشتىن باشلىدى. يېڭى ھۆكۈمەت خادىملىرى ھاكىمنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق ئىشلار بولسا تىرىشىپ ئىشلىدى. شۇڭا، ھاكىمنى ۋە يېڭى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئاۋام خەلق تېخىمۇ قىزغىن ھىمايە قىلدى. ئۇنىڭغا زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىت بىلەن قارىدى.

مۇنداق ياخشى ۋەزىيەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى تايانچىلىرى بولغان بەگ - بوجاڭلارغا ئەلۋەتتە ياقمايتتى. شۇڭا 1947 - يىل 3 - ئاينىڭ بىر كۈنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ ئاستىرتتىن كۈشكۈرتىشى بىلەن شەھەر ۋە يېزىلاردىكى بەگ - بوجاڭلار ئاۋام خەلق قىياپىتىدە توپلىشىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار مەھكىمە دەرۋازىسىدىن كىرگەنچە ھاكىم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ

«يوقالسۇن ئابلاجان!» ، «قىزىل پاچاقلار* نى يوقىتايلى!» دەپ شۇئار توۋلىدى ۋە «ئابلاجان ئالدىمىزغا چىقسۇن!» دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئەھۋال دەرھال ۋالى مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىندى. ۋالى مەھكىمىسىدىن ئۇچۇر بولغىنىچە ، هاكىم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەسلىكىنى، سايلام بىلەن بولغان هاكىمنى يەنە سايلام بىلەنلا يەڭگۈشلەش مۇمكىنلىكىنى ، ھەر قانداق پىكىر بولسا ئۆز يولى بىلەن ياكى كېڭەش مەجلىسى ئارقىلىق بېرىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ ، ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. ئەمما ئۇلار ئۇزۇن چاپانلىرىنىڭ ئىچىگە نەيزە ـ كالتەكلەرنى تىقىپ كەلگەن ئىكەن (كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بەزى گومىنداڭ ھەربىلىرىمۇ پۇقراچە ياسىنىپ، چاپانىنىڭ ئىچىگە تاپانچا ياكى قىلىچ ئېسىپ بەگ ـ بوجاڭلار توپى بىلەن بىللە كىرگەن)، ئۇلار قويۇنلىرىدىكى نەيزە ـ كالتەكلەرنى چىقىرىپ ھەيۋە قىلدى ۋە «ئابلاجاننى يوقاتمىغىچە قايتمايمىز!» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار ئەتىگەندىلا كىرگەن ئىدى. چۈشكىچە مىدىرلىماي چىڭ تۇردى ۋە بارغانسېرى كۆپىيىپ مەھكىمىنىڭ ئىچىگە پاتماي قالدى. چۈشتىن كېيىن بىرئاز ئازايغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەلپازى ئاۋالقىدەكلا يامان ئىدى . ئۇلار هاكىم ئىشخانىسىنى مۇشۇنداق قورشاپ تۇرۇۋېلىپ ، هاكىمنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى خادىملارنى چۈشلۈك تاماقتىمۇ بارغۇزمىدى .

* «قىزىل پاچاقلار» ـ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قوللايدىغان ئىلغار كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا، ۋالى جۇفاڭگاڭ هاكىم مەھكىمىسىگە كېلىپ، بەگ - بوجاڭلار توپىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، ئۇدۇل هاكىم ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئابلاجان هاكىمغا: «خەلق قارشى چىققان ئىكەن، قارشى چىققۇچىلار بىلەن مۇنداق تىركىشىپ تۇرۇش خەتەرلىك، مەن بۇ ئىشنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىمەن، ئۇچۇرى كەلگىچە سىز ئۆيىگە قايتىپ تۇرۇڭ، مەھكىمىگە كەلمەڭ» دېدى. ئاندىن سىرتقا چىقىپ، بەگ - بوجاڭلارغا: «ئابلاجان سىلەرنىڭ تەلۋىسىڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئەندى شيەنجېڭفۇغا كەلمەيدۇ، سىلەرمۇ قايتىپ كېتىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بەگ - بوجاڭلار قايتىپ كېتىشتى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، «11 بىتىم» ئاساسىدا سايلانغان هاكىمنى مۇشۇنداق يول بىلەن ئاغدۇرۇشنى جۇفاڭگاڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي سىستېمىسىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىشپىيونى تۇراپبەگ پىلانلىغان (تۇراپبەگنىڭ خەنزۇچە ئىسمى خۇاڭجىۋ بولۇپ، دەرىجىسى «گاۋسەن» يەنى «يۇقۇرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى» ئىكەن)، «بىتىم» دىكى بەلگىلىمە بويىچە هاكىم سايلاش باشلىنىش بىلەن تەڭ جۇفاڭگاڭ مۇئاۋىن شيەنجاڭلىققا تەيىنلىگەن ئابدۇرىشىت يۇسۇپ ۋە باشقا بىر قانچە ئەكسىيەتچى ئىشپىيونلار بەگ - بوجاڭلارنى تەشكىللەشتە مەخپىي رول ئوينىغان، شۇ ۋاقىتتا ۋەزىپىدە بولۇپ تۇرغان بەگلەردىن نائىمس بەگ، ئاشىق بەگلەر ۋە سابىق مۇتەئەسسىپ بەگلەردىن گوسۇڭ، ئىمىن بەگ قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ شۇ ئىشلارغا ئاشكارا باشلامچىلىق قىلغان.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ،

ئابلاجان ھاكىم، ئۇنىڭ بىللە ئىشلەۋاتقان سەپداشلىرى ۋە ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسى تارتىۋېلىندى. ئەمما ئەكسىيەتچىلەر بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي، ئۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، بېسىم ئىشلەتكەندىن تاشقىرى ئۆز-لىرىنىڭ جايلاردىكى ئىشپىيونلىرى، بولۇپمۇ ساقچى ئەمەل-دارلىرى ۋە بەگ - بوجاڭلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا زىيانكەش-لىك قىلىشنى پىلانلىدى. مۇنداق بېسىم ئاستىدا تۇزالمىغان خەلقچىل كىشىلەر تۇرلۇك ئاماللار بىلەن يوشۇرۇن ھالدا قەشقەرغە قېچىپ كەتتى (بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، خەلقچىللىق كەيپىياتى قويۇقراق ئىدى).

47 - يىل 4 - ئايدا جاڭجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، ۋاڭ-زىڭشەن رەھىمجان سابىرھاجى ۋە مەسئۇت، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا، جۇملىدىن يەكەنگە كېلىپ يېڭىشەھەردىكى ۋالىي مەھكىمىسىگە چۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىم-جان سابىر ھاجىدىن باشقىلىرى، بىر قېتىملىق ئاممىۋى قارشى ئېلىش يىغىنىغا قاتناشقاندىن باشقا، ھېچقانداق ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوتتۇرىغا چىقمىدى، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجان سابىر ھاجى بولسا، بازار كۈنلىرى ۋە جۈمە كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق توپلاشقان جايلاردا «11 بىتىم» نىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدى-غانلىقى، لېكىن بۇنىڭ كۆرەشسىز بولمايدىغانلىقى شۇڭدەك خەلق-چىللىق ۋە خەلق ئەركىنلىگىنىڭمۇ كۆرەشسىز قولغا كەلمەيدىغانلىقى بۇنىڭ ئۈچۈن توسالغۇلارغا قارشى چىڭ تۇرۇپ كۆرەش قىلىش لازىملىقى ھەققىدە سۆزلىدى، ئامما بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتى. ئاۋام خەلق ئەخمەتجان قاسىمىنى چەكسىز قىزغىن ھىمايە قىلدى.

47 - يىل 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا، مەسئۇت-

نىڭ رەئىس بولغانلىغىنى ھىمايە قىلىدىغان نامايىشچىلار
قوشۇنى پەيدا بولدى. بۇ نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى
دىگىدەك ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر
ۋە بەگ - بوجاڭلار تەشكىللەپ ئېلىپ كەلگەن ئادەملەر بول-
غاچقا، بۇ نامايىشنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇ-
يۇشتۇرۇلغانلىغى روشەن ئىدى. جۇلارنى ساقچىلار قوغداپ
ماڭدى. خەلقچىل كۈچلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى
باشلىق 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تەشۋىق تەربىيىسى بىلەن
ئېڭى كۆتىرىلىپ قالغان بىر قىسىم ياشلار ۋە شەھەر
ئاھالىسى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەھدىتىدىن قورقماي ئەتىسىلا
بۇنىڭغا قارشى (مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى) نامايىش
ئۇيۇشتۇردى. بۇ نامايىشچىلارنىمۇ ساقچىلار «قوغداپ» ماڭغان
ئىدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە ساقچىلار ۋە ئىشپىيونلار «قوغداش»
بانىسى بىلەن نامايىشچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىۋالغان،
بۇ نامايىشچىلار يېڭىشەھەرگە چىقماي، ئاساسەن كونىشە-
ھەرنى ئايلىنىپ تەشۋىق قىلىش بىلەن بولدى.

47 - يىل 6 - ئايدا «11 بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن،
يەكەندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ غالجىرلىشىپ، خەلق-
چىل كۈچلەرگە زەھەرلىك قولىنى سالدى: ھاكىم ئابلاجان
باشلىق قەشقەرغە قېچىپ كەتكەن خەلقچىل كىشىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى تۇتۇپ كېلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇلارنى تۈرمىنىڭ
ئىچىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۈر-
مىنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر ئورا كولاتقۇزدى. (باشقا شەھەرلەر-
دىمۇ شۇنداق قىلغان، ئەمما يەكەننىڭ ئىشى بىر ئاز كې-
چىكىپ قالغاچقا، ئۇرۇمچىدىكى ھەربى شىتاپتىن كەلگەن بۇيرۇققا

توغرا كېلىپ قېلىپ، بۇ مەھبۇسلار ئۆلتۈرۈلمەي قالغان). تۈرمىگە ئې-
لىنماي قالغان خەلقچىل كۆچلەرنى بىر يولىلا يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا بىردىن توقماق تۇت-
قۇزۇپ تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتتى. بۇ ئىشپىيونلار ئۆزلىرىگە تاپشۇ-
رۇلغان تىزىملىكتىكى كىشىلەرنى تاپقان يەردە تۇتۇپ باغلاپ،
توقماق ياكى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈردى. يە-
كەندە «توقماقچىلار ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر
ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت ئەنە شۇ. شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ توق-
ماقچىلىرىنىڭ خەلقچىل كۆچلەرنى بېسىقتۇرۇشتا ئىنسان قې-
لىپىدىن چىقىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىگە مۇنداق
بىر ۋەقەنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە: خەلقچىل كىشىلەردىن
مەھەممەتنىياز قۇربان دىگەن بىر ئوقۇتقۇچى يەكەندىن
پوسكامغا قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما كېيىن بۇنى گومىنداڭ ئىش-
پىيونلىرى بىلىپ قېلىپ، يەكەندىن بارغان توقماقچىلار
پوسكامدىكى توقماقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى تۇتىدۇ.
يەكەنگە ئېلىپ كېلىشتە ئۇنىڭ پۇت-قولىنى چىڭ باغلاپ
ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، بېشىنى ھارۋىنىڭ لەڭگىرىگە ئارتىپ،
يۈزىنى ھارۋىنىڭ چاقىغا يېقىن قىلىپ قويىدۇ، چاق ھەر بىر
ئايلانغاندا ئۇنىڭ بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرىنى سۈرۈپ زىدە قىلى-
ۋېتىدۇ. ئېغىز ۋە بۇرنىدىن چىققان قان ۋە باشقا نەرسى-
لەرنىڭ سۇۋۇلىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈز-كۆزى تونۇغىلى
بولمىغىدەك دەرىجىگە كېلىپ قالىدۇ. قىينىلىپ جېنى ئاز
قالغان مەھەممەتنىياز قۇربان سۇ تەلەپ قىلسا، توقماقچى-
لاردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، «مانا سۇ» دەپ، ئۇنىڭ
ئاغزىغا سىيىدۇ. مەھەممەتنىياز قۇربان ئۇزۇن ئۆتمەي جان
ئۈزىدۇ.

خەلقچىل ھەركەتلەرگە ياكى نامايىشلارغا سىرتتىن قاتنىشىپ قالغان ياشلار ۋە بەزى «گۇمانلىق» كىشىلەرنى بولسا، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىزىمى بويىچە ھەربى سىستېمىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىشپىيون تۇراپبەگنىڭ ھويلىسىغا توپلاپ، ئۇلارغا «تەنبىھ يىغىنى» ئاچتى. بۇ يىغىندا تۇراپبەگ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى سەدۇللا، ناھىيىلىك گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ شۇجىسى ساۋۇر قاسىملار يىغىن قاتناشچىلىرىغا قاتتىق تەنبىھ بەردى ۋە «قىزىل پاچاقلار» نىڭ ھەركىتىگە ئىككىنچى قاتناشماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلدۇردى. شۇ چاغدا تۇراپبەگ ئۆزىنى ئىماكارىلاپ مۇنداق دېدى: «پېقىر ئۆرۈمچىدىن يەكەنگە بۇ قېتىم دوتەي دېسە، دوتەي ئەمەس، ئەمما دوتەيدىن كىچىك ئەمەس، تۇەنجاڭ دېسە تۇەنجاڭ ئەمەس، ئەمما تۇەنجاڭدىن كىچىك ئەمەس بىر ئەمەل بىلەن كەلدىم. پېقىرنىڭ ۋەزىپىسى — يەكەننى «قىزىل پاچاقلار» دىن تازىلاپ ھۆكۈمەتنى ۋە پۇقرانى خاتىرجەم قىلىش. كىمكى جىم يۈرمەي، پىرقە دۆلەتكە قارشى سۆز - ھەركەتلەردە بولىدىكەن، ئۇنداق كىشىنىڭ ئىككى پۇتى دەرھال بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ».

مۇشۇنداق دەھشەتلىك بېسىقتۇرۇشلاردىن كېيىن، خەلقچىل كۈچلەر قاتتىق باستۇرۇلۇپ، گومىنداڭ دەۋرىنىڭ زۇلمەتلىك كۈنى يەنە باش كۆتەردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇشۇ بېسىقتۇرۇشتا «خىزمەت كۆرسەتكەن» چوڭ - كىچىك ئىشپىيونلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، 47 - يىل 8 - ئايدا بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە بەگ - بوجاڭلارنى قاتناشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئابلىمىتخان ئاقساقال دى-

گەن كىشىنىڭ بېشىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇكېرىم نىياز، ساۋۇر قاسىم، سەمەت قارى، بائىس بەگ، ئاشىق بەگ، يۈنۇس قۇربان قاتارلىقلارنى «بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر» دەپ ئېلان قىلىپ، بۇلارغا بىردىن بەقەسەم تون كىيدۈردى. قالغان ئىشپىيونلار «2- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر» دەپ ئېلان قىلىنىپ ئاغزاكى تەقدىرلەندى.

ئازاتلىقتىن كېيىن يەكەندىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن: ۋالى پاساربەگ، ھەربى ئىشپىيون تۇراپبەگ، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ شۇجىسى ساۋۇر قاسىم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇجاڭى سەدۇللا، شىيەنجاڭ مەھەممەت ھەسەنلەرگە خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

# كۈچار ھورۇنباغ ۋەقەسى توغرىسىدا ئەسلىمە

## ساۋۇر بەكرى

1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (يەكشەنبە) كۈچار ناھىيىسىدە بىر ئاممىۋى يىغىن ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئورنى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھورۇنباغ دەپ ئاتالغان مەيداندا بولدى. بۇ يىغىنغا 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن، گومىنداڭنىڭ كۈچاردا تۇرۇشلۇق ھەربى قىسىملىرى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ تاڭ شۈرۈڭنىڭ قوماندانلىقىدا يىغىن مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. ئاندىن ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاممىغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. 3 مىنۇت داۋام قىلغان ئوق ئېتىشتا 3 ئادەم ئۆلۈپ، 4 ئادەم يارىدار بولدى. مانا بۇ كۈچار ھورۇنباغ قانلىق ۋەقەسى بولۇپ، بۇ توغرىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. تولۇق بولمىغان جايلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىتىم بولغىدەك؛ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى

باشچىلىغىدىكى ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ» دىگەندەك كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ۋە ئېچىلىقتىن ئۈمىتۋار قىلىدىغان گەپ - سۆزلەر كۆپلەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بۇ غەلىبىسى كۇچار ناھىيەسىدىكى بىر تۈركۈم ياشلارغا زور مەدەت بەردى. ئۇلار ئۆزلۈگىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ھىمايە قىلىپ، 11 بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندى. شۇ مەقسەتتە 46 - يىل 5 - ئايلاردا كۇچاردا بىر تۈركۈم زىيالىلار ئېزىز يۈسۈپ، ئابلىز ھامىت ھاجى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىغىدا ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ئاساسىي جەھەتتىن 11 بىتىمنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش يولىدا كەڭ ئاممىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپچىلىك ياشلار ئاكتىپ ھەركەتكە كېلىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىئانە توپلاپ «تاڭ نۇرى» ئىسىملىك گېزىت چىقىرىپ ئاممىغا تارقىتىپ ياخشى رول ئوينىدى. بۇ گېزىت شېپوگىرافتا بېسىلاتتى. ئۇرنى كۇچار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا بولۇپ كۆپىنچە كېچىسى ئىشلىنەتتى. تىراژى 500 نۇسخە بولۇپ، شايار، توقسۇ، باي، بۈگۈر ناھىيىلىرىگىچە تارقىتىلاتتى.

11 بىتىمنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن شۇ يىلى 12 - ئايغىچە ناھىيىمىزنىڭ ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت جىددى ۋە مۇشكۈل ۋەزىپە تۇراتتى.

ياشلار سايلام توغرىسىدا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بىتىمنىڭ روھى بويىچە ئۆزلىرى ئىشەنگەن يەرلىك كىشىلەرنى ھاكىملىققا سايلاش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشكەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆچار ھاكىمى دېڭ لىنەن (ئازاتلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان)، ساقچى باشلىقى جاڭ جىڭپىڭلەر ھاكىمىيەت ئورنىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەركەت قىلاتتى. نەتىجىدە 11 بىتىمنى ھىمايە قىلغۇچى ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى بىلەن دېڭ لىنەن باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەشلەر يۈز بەردى.

ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەركىتى كۈنسايىن راۋاجلىنىپ خەلق ئىچىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن شۇ چاغدىكى كۆچار ھاكىمى دېڭ، ساقچى باشلىقى جاڭ، ھەربى باشلىق تاڭ شۇرۇڭلار خاتىرجەم بولالماي ياشلار ھەركىتىنى تارقىتىۋېتىش ياكى ئۇلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن پىلانلىق يوسۇندا ئىشقا كىرىشتى. شۇنداق بىر پەيتتە ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىر تۈركۈم ئىدىيىسى قالاق مۇئەللىملەرنى ئەتراپىغا توپلاپ ياشلار ھەركىتىنى ئۆزىمىز ئېلىپ بارىمىز دەپ باشقىچە يول تۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ماھىيەتتە ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەركىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۆرۈنۈشتە مېھماندارچىلىق ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ ئەمەلىيەتتە مەجلىس ئېچىپ، تىل بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىغا قارشى بۆھتان خاراكتېردە 26 ماددىلىق بىر نىمىنى تۈزۈپ ھۇجۇم قوزغاپ، ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەركىتىنى ئاغدۇرماقچى بولۇشتى.

مەسىلەن: نۇردۇن باھاۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە ۋە كوچار ناھىيە-لىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يازلىق سەھنىسىدە ئېچىلغان مەج-لىسلەردە ئاتالمىش مائارىپ بۆلۈم باشلىغى تەرەپتىكى ياشلار ئارقىمۇ-ئارقا سۆزگە چىقىپ، ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان 26 ماددىلىق بىر نىمىسىنى ھەدەپ بازارغا سېلىشتى. ھەر بىر ماددىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى چاۋاكلار چېلىپ «تەنتەنە» قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇقراچە كىيىن-گەن قورچاق ساقچى خادىملىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ساقچى كادىرلىرىنى ھەممە كىشى تونۇيتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى «بىزنى ساقچى ئىدارىسى خىزمەتتىن بوشىتىپ قوغلاپ چىقار-دى» دەپ بىچارە قىياپەتتە جامائەت ئىچىدە ئارىلىشىپ يۈرەت-تى. مائارىپ بۆلۈم باشلىغى تەرەپنىڭ ھەركىتىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ياشلارمۇ يىغىن ئېچىپ مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى. ئۇلار ئابلىز ھامىتنىڭ قوراسىدا يىغىن ئېچىپ تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇراتتى. مەمتىمىن بايىزنىڭ ئۆيىدە كېچىلەپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى بېسىپ تارقىتىپ تۇرات-تى. ھەققانىيەت ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى تەرەپتە بولغانلىقتىن خەلق ئاممىسى ئۇلارنى ھىمايە قىلاتتى. ئەمما مائارىپ بۆلۈم باشلىغى تەرەپ ياشلار ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي بېزا-كەنتلەردىن ئادەم توپلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قوراسىدا چوڭ مەجلىس ئېچىپ، ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. لېكىن بۇنىڭغا قارشى ئىنقىلاۋىي ياشلارمۇ پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ 2000 دەك ئامما بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشتى. بۇ يىغىن جىد-دى ۋە كەسكىن مۇنازىرىلەر ئىچىدە ئېچىلدى. ئەسلىدە بۇ

مائارىپ بۆلۈم باشلىقى تەرەپدارلىرى ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىغا قارشى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ يىغىن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى پاش قىلىپ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدىغان يىغىنغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ توقۇۋالغان 26 ماددىلىق بىرنىمىسى ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىغا چاپلانغان بوھتان ئىكەنلىكى ئېچىپ تاشلاندى. نەتىجىدە ئۇلار تەرەپتىكى بىر مۇنچە كىشىلەر يىغىن ئۈستىدىلا ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ ئىنقىلاۋىي ياشلار تەرەپكە ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىن كۇچاردىكى ياشلار ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان 15 كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇلۇپ ئىزىز يۇسۇپ ھەيئەت باشلىقى بولۇپ سايلاندى.

شۇ كۈنلەردە 11 بىتىمنىڭ روھى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ناھىيىلىك سايلام يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىناۋىتى ناھىيە بويىچە يۇقۇرى ئورۇندا تۇراتتى. ناھىيىدىكى بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايتتى. ياشلار تەرەپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان شارائىتتا سايلام يۈرگۈزۈلسە، ئىنقىلاۋىي ياشلار ئۆز ئادەملىرىنى سايلاپ غەلىبە قازانسا، ئۇلار ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشى ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كېلەتتى، شۇڭا ئەكسىيەتچىلەر خاتىرجەمسىزلىنىپ ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەركىتىنى توسۇشقا ئورۇندى. ئۇلار ئالدى بىلەن ياشلار ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان 15 كىشىلىك ھەيئەتنى بۇزۇشقا كىرىشىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە تارتىپ بۆلگۈنچىلىك سالدى.

15 كىشىلىك ھەيئەتتىن چىكىنىپ چىققان بەزى كىشىلەر ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەركىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى كۇچار ھاكىمى دېڭ لىننەن ۋە كۇچاردا تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنىڭ تۇەنجاڭى (پولكوۋنىكى) لىيۇ شۇيچىڭ قاتارلىقلار قوللايتتى. ئەكسىيەتچىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياشلار ھەركىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كۇچار ھورۇنباغدا 11 بىتىمنى تەشۋىق قىلىش، سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ئوقۇپ ئاڭلىتىش بانىسى بىلەن چوڭ يىغىن ئاچتى.

يىغىن مەيدانىغا سەھنە ياسالغان بولۇپ، سەھنە ئالدىدىكى مەيدانغا ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ ئايرىم ئولتۇرۇشى ئۈچۈن تاختاي قېقىلىپ ئورۇن كۆرسىتىلگەن ئىدى. مەيدانغا كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى. بەلگىلەنگەن ئورۇنلار ئادەملەر بىلەن تولدى. ھەر بىر تاختاي ئارىلىقىدا بىردىن ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى جوزا - بەندىڭلەردە ئاخۇنۇملار، يۇرت چوڭلىرى ۋە ئىنقىلاۋىي ياشلار ۋەكىللىرى بولۇپ 30 دەك ئادەم ئولتۇرۇشتى. بىر ۋاقىتتا ناھىيە ھاكىمى دېڭ، ساقچى باشلىقى جاڭ، مۇئاۋىن پولكوۋنىك تاڭ، داۋۇت ۋاڭ، نۇردىن باھاۋۇدۇن، ئابدۇقەييۇم مەخسۇملار سەھنىگە چىقىپ ئورۇن ئالدى.

يىغىن ئېچىلىپ سۆز قىلىش باشلاندى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 15 كىشىلىك ھەيئەتتىن چېكىنىپ چىققان بىر كىشى سۆزگە چىقىپ. ئىنقىلاۋىي ياشلارنى «قىزىل پاچاقلار» دەپ ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئۇلارغا بۆھتان چاپلاپ: «ياشلار شەھەرنى قالايمىقان قىلدى، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى. ئاش-

لىق يۈتكەشكە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ تۇسالغۇلۇق قىلدى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. بۇ چاغدا ئىنقىلاۋىي ياشلار غەزەپكە كېلىپ «سۆز تۇختىسۇن، سەھنىدىن چۈشسۇن!» دەپ ۋاقىراشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ساقچى باشلىقى جاڭ سۆزگە چىقىپ 2 سائەتتەك سۆزلىدى. ۋاقىت كەچ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ياشلار ئورنىدىن تۇرۇپ: «سۆز تۇختىسۇن!» دەپ تۇۋلاشتى. بۇ چاغدا مۇئاۋىن تۇەنجاڭ تاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ياشلارغا غەزەپ بىلەن جىم ئولتۇرۇڭلار دەپ ۋاقىردى. دەل شۇ پەيتتە ئەتراپتىن ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. يىغىن بۇزۇلۇپ پاتپاراقچىلىق بولدى. خەلقنىڭ بىر قىسمى گۇلدۇرلەپ قاچتى، بىر قىسمى مەيداندا يېتىۋالدى. شۇ قېتىمقى ئېتىلغان ئوقتا 3 ئادەم ئۆلۈپ، 4 ئادەم يارىدار بولدى.

ۋەقەدىن كېيىن قارىساق ئۆلگۈچىلەر بىلەن يارىدار بولغۇچىلار كەمبەغەل شەھەر ئاھالىلىرى ئىكەن. بۇ مەسىلە توغرىلىق پولك ئىشخانىسىغا: ھەربىلەر نىمە ئۈچۈن يىغىن مەيدانىدا ئوق چىقىرىدۇ؟ دەپ سورۇشتە قىلىپ بارساق، تۇەنجاڭ ليۇ چىڭشۈي: «بىر قىسىم بۇزۇق ياشلار ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قورالىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئەسكەرلىرىمىز ئۆزىنى قوغداپ قورالىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوق چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان. ئوق ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىلغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۆلۈش - يارىدار بولۇش ئەھۋالى يۈز بېرىپتۇ. بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ياشلارنىڭ ئۈستىدە، بىز ئۇرۇمچى باش گېنېرال شتاۋىغا ۋەقەنىڭ ئەينى بويىچە مەلۇم قىلىمىز. ئەتە ئاخۇنۇملار، شەھەر چوڭلىرى توپلانسا ئۆلگەن، يارىدار بولغانلارنىڭ ئۆي-

لىرىگە بېرىپ تەسەللى ئېيتىپ هال سورايمىز، يارىدار بول-
غانلارنى داۋالايمىز» دىگەندەك سۆزلەرنى قىلدى.

بۇ ۋەقەنىڭ سىرى زادى قانداق؟ ليۇ تۇەنجاڭ ئېيتە-
قاندەك مەلۇم كىشىلەر ھەربىلەرنىڭ قوراللىنى تارتىۋېلىش
ئۈچۈن ھەركەت قىلغانمۇ؟ ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس.

چوڭ يىغىندا ئېزىز بارات دىگەن بىر كىشى گېزىت
تارقاتتى. شۇ چاغدا بەزى كىشىلەر گېزىت تالىشىپ ئوپۇر-
توپۇر بولۇشقان ئىدى. يىغىن مەيدانىنى مۇھاسىرە قىلىپ
تۇرغان ھەربىلەر شۇ ئىشنى بانا قىلىپ يىغىن مەيدانىدىكى
خەلقلەرگە ئوق ئاتقان....

لېكىن يۇقۇرقى پاكىتلار ھورۇنباغ ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى
سىرى ئەمەس. ئۇنىڭ سىرى ئازاتلىقتىن كېيىن، يەنى
1951 - يىل 6 - ئايلاردا تولۇق ئېچىلدى. ئاقسۇدا ئېچىلغان
ئىدارە قىلىپ تەربىيىلەشتە (گۇەنشۇندۇيدە) ئەينى يىللاردا
كۇچار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇساجاڭى بولغان
ئابدۇقادىر روزى مەسىلە تاپشۇرغاندا، ھورۇنباغدا ئېچىلغان
يىغىندا، يىغىن مەيدانىنى ئوراپ تۇرغان ھەربىلەر بىر بانا
بىلەن ئوق چىقارماقچى بولغان شۇ پۇرسەتتە ناھىيىلىك
ساقچى ئىدارىسى ئىنقىلاۋىي ياشلارنىڭ ئاساسىي ئادەملىرىدىن
7 - 8 نى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى ئالدىن پىلانلاپ ئادەم تەيىن-
لىگەنلىگىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ، «شۇ يىغىندا ئابلىز ھامىتنى
ئېتىشقا بەلگىلەنگەن ئىدىم، باشقىلارمۇ ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈر-
مەكچى بولغان ئادەملەرگە مەسئۇل بولۇپ دىققەت قىلىپ
تۇرۇشقان. بىردىنلا ئوق ئېتىلدى، خەلقلەر قاچتى، بەزىلەر
يېتىۋالدى. شۇ ۋاقىتتا قارىسام مەن ئاتماقچى بولغان ئابلىز

ھامىت ساي تەرەپكە قېچىپ سۇدىن سەكرەپ كۆنچى مەھەللە
تەرەپكە كېتىپ قالدى. شۇ تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەم
جىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئابلىز ھامىتنى ئاتالماي قالدىم»
دېدى.

دېمەك، يۇقۇرقى ئەھۋاللاردىن كۇچار ھورۇنباغ ۋەقەسى
پىلانلىق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان قانلىق ۋەقە ئىكەنلىكىنى
ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ
مەيداندا ئىنقىلاۋىي ياشلاردىن 7 ـ 8 ئادەمنى ئېتىپ ئۆل ـ
تۈرۈش ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەركىتىنى ئۇجۇقتۇرۇپ
ياكى كۈچسىزلەندۈرۈپ، 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ناھىيىلىك
سايلامدا تولۇق ئۈستۈنلۈكنى قازىنىپ، ئۆزلىرى خالىغان
كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا قويۇش مەقسىدىگە يەتمەكچى
بولغان. نەتىجىدە ئۇلار بۇ يىغىندا شەھەر ئاھالىسىدىن 3
كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، 4 كىشىنى ياردار قىلىشتەك قان ـ
لىق ۋەقە پەيدا قىلىپ ئەكسىيەتچى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى
تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. بۇ يىغىندا ئىنقىلاۋىي ياشلارنى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئەكسىيەتچى
قارا كۈچلەر ۋەقەنىڭ 3 ـ كۈنى كېچىسى، گومىنداڭنىڭ
كۇچاردا تۇرۇشلۇق ھەربى قىسىملىرى بىلەن قورچاق ساقچى
ئىدارىسى بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئېزىز يۇسۇپ قاتارلىق
15 نەپەر ياشنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامىدى. بۇ ياشلار
تۈرمىدە يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ياتقاندا كۇچارنىڭ
مۆتىۋەرلىرى كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن بوشىتىپ چىقتى. لېكىن
بۇ ياشلار كۇچاردا تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ھەر تەرەپتىن
تەھدىت ۋە ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ تۇرغانلىقتىن ئاخىرى ئۇلار

كوچارنى تاشلاپ ئۇرۇمچى ۋە باشقا شەھەرلەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

دىمەك، ئەكسىيەتچى قارا كوچلەر ئىنقىلاۋى ياشلار ھەركىتىگە يۇقۇرىدا بايان قىلغاندەك ئارقىمۇ - ئارقا ھۇجۇم قىلىپ بۇزغۇنچىلىق سالغاندىن كېيىن كوچارنى ئۆز قولىغا ئوكچە كىرگۈزۈۋېلىپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ناھىيىلىك سايلامغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار ھەربىر يېزا - كەنتلەرگە ھەربى ۋە مەمۇرى خادىملار ئارىلاش تەش - كىللەنگەن سايلام گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا ۋەكىل سايلاش ئىشىنى باشلىدى. سايلام گۇرۇپپى - سى قايسى يېزىغا بارسا رەسمىيەت بويىچە ئاممىنى توپلاپ يىغىن ئاچاتتى. كىمنى سايلاش توغرىسىدا ئالدى بىلەن ئادەم كۆرسىتىپ بېرىپ ئاممىغا مەجبۇرلىغان ئاساستا ئۆزى كۆر - سەتكەن ئادەمنى سايلاتقۇزۇپ قايتىپ كېلەتتى. ئەگەر خەلق ئىچىدىن بىرەر كىشى چىقىپ، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمدىن باشقا كىشىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنى شۇ يەردىلا ئۇرۇپ ئۆلەر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قوياتتى. مەسىلەن، بىجاق كەنتىگە چىققان سايلام گۇرۇپپىسى ئاممىنى توپلاپ مەجلىس ئاچقان - دا، جارۇپ شياگجاگنى سايلاپ بېرىشنى كۆرسەتكەن. ئەمما خەلق ئىچىدىن بىر كىشى ئاممىغا ۋاكالىتەن، جارۇپ شياگ - جاڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان باشقا ئادەمنى سايلىساق دەپ پىكىر قىلغاندا، ئۇ ئادەمنى شۇ يەردىلا باغلاپ دەرەخقە ئېسىپ قاتتىق ئۇرغان، ئەنە شۇنداق بېسىم ئاستىدا بىجاقتىن جارۇپ شياگجاگنى ۋەكىل سايلاتقۇزۇپ قايتىپ كەتكەن. باشقا يېزا - كەنتلەردىكى ساي -

بىلام ئەھۋالىمۇ بىجاقتىكى سايلامغا ئوخشاش بولۇپ، ئەكسى-يەتچى قارا كۈچلەر ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئادەملەرنى خەلققە مەجبۇرى سايلاتقۇزۇپ ناھىيىلىك كېڭەشنى تەشكىل قىلغان. ئاندىن ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى توپلاپ شەھەردە بىر قانچە كۈن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئۇ-لارنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۇچارنىڭ ھاكىملىقىغا دېڭ لىنەننى، مۇئاۋىن ھاكىملىققا ئابدۇقېيۇم مەخسۇم، جاڭ(ساقچى باشلىقى)، سۇڭ خەنجاڭ (ھەربى قىسىملارنىڭ مۇئاۋىن پولكوۋنىكى) لارنى سايلاشقا نامزات قىلىپ كۆرسىتىش توغرىسىدا كېڭەش ئەزا-لىرىنىڭ ئاتالمىش ماقۇللىقىنى ئالدى. دېمەك، يۇقۇرقى ئەھۋاللار نىڭ ھەممىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئەۋەتكەن ئابدۇرېھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى سايلام ھەيئىتىنىڭ كۇچارغا يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى تەييارلىق ئىشلىرى ئىدى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ئابدۇرېھىم ئەيسا باش-چىلىقىدىكى سايلام ھەيئىتى كۇچارغا يېتىپ كەلدى. ھەيئەت-نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇسەييىپ داموللامۇ بىللە ئىدى. بۇ ھەيئەت باي ناھىيىسىدىكى سايلامنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئان-دىن كۇچارغا كەلدى. ئۇلارنى گومىنداڭنىڭ بايدا تۇرۇشلۇق 194 - پولكىنىڭ پولكوۋنىكى چىڭ خەيجۇ، ئاقسۇدىكى 65 - بىرى-گادا سىياسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يۈجۈنيى قاتارلىق كىشىلەر 20 دەك قوراللىق ئەسكەر بىلەن كۇچارغا ئېلىپ كەلدى. ھەربىلەر-نىڭ سايلام ھەيئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز دېگىنى ئەمەلىيەتتە

سايلام ھەيئىتىنى قۇراللىق قامال قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ھەيئەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، ساقچى ئەمەلدارى روزى ھاپىزنىڭ باشچىلىقىدا 20 دەك قۇراللىق ساقچى ئابدۇرېھىم ئەيسا چۈشكەن ئۆينى قورشاپ تۇردى. بىرەر كىشى ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، ساقچى مەسئۇلىغا مەلۇم قىلىپ ئىزنىغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، قانداق ئىش توغرىلىق سۆزلىشىدۇ، قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ، ھەممىنى ئاڭلاپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن كۆرۈشتۈرەتتى، ئابدۇرېھىم ئەيسا ناۋادا ھاجەتكە بارسا بىر نەچچە ساقچى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىچە ئېيتقاندا: «ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ ئامانلىقىنى قوغداش» ئىكەن.

سايلام ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرى يۇقىرىقىدەك شارائىتتا سايلام توغرىلىق ئامما بىلەن ئۇچرىشىپ تولۇق پىكىر ئالالمىدى. سايلام بولغان زالدا ئالدىنقى قاتاردا سېيىت ئەھمەت خوجا، چىڭ خەيجۇ، يۈجۇنيى، تاڭ شۇرۇڭ، دېڭ لىنەن، ئابدۇقەييۇم مەخسۇم قاتارلىقلار ئولتۇردى. ئابدۇرېھىم ئەيسا سايلامغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋەكىللەرگە سايلام قەغىزى تارقىتىپ بېرىلدى. ھەر بىر ۋەكىل تارقىتىپ بېرىلگەن قەغەزگە ئۆزى سايلايدىغان كىشىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ كېلىپ تاپشۇردى. شۇ ئارىلىقتا ئابدۇ باقى ئىسىملىك بىر ۋەكىل ئالدىراش كېلىپ ئابدۇرېھىم ئەيساغا: مېنىڭ سايلايدىغان

ئادەمەم ئالمىشىپ كېتىپتۇ، باشقىدىن يېزىپ كېلەي، دېگەن-
دە ئابدۇرېھىم ئەيسا ئۆزىنىڭ بېلەتتىنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇ
ئاھەم قايتا يېزىپ كېلىپ تاپشۇرغاندا ئابدۇرېھىم ئەيسا ئۇ
كىشىگە: «ئەسلى يازماقچى بولغان ئادەملىرىڭىزنىڭ ئىسمىنى
يېزىپ كەلدىڭىزمۇ؟» دەپلا قويدى.

ئاندىن ئابدۇرېھىم ئەيسا بېلەتلەرنى تەكشۈرۈپ، ئەڭ
كۆپ ئاۋازغا ئىگە بولغان دىيىڭ لىمەننى هاكىملىققا، ئابدۇ-
قەييۇم مەخسۇمنى مۇئاۋىن هاكىملىققا ئېلان قىلىپ سايلامنى
ئاخىرلاشتۇردى. دېمەك، 11 يىتىم ئاساسىدا يۈرگۈزۈلگەن
دېموكراتىك سايلام، يوقۇرقىدەك ھىلە-نەيرەڭلەر ئىچىدە
ساختىپەزلىك ۋە تەھدىت بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

# 1947 - يىلىدىكى پىچان دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا

تىيىپ پولات

## دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى

1944 - يىلى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچ-لىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ھەر تەرەپتىن قاتتىق زەربە بەردى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غەلىبىسىنىڭ تەسىرى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن دىخانلىرى ۋە زىيالىلىرى ئىچىدە چوڭ ئويغۇنىش ھاسىل قىلدى، خەلقىنىڭ ئازاتلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مىللى ئارمىيە قوشۇنلىرى ئىلگىرىلەپ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى ئالدامچىلىق، بىخوتلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆت-كۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بىلەن رەخمىجان سابىر ھاجىيوپ، ئوبۇل-

خەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ، 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالاندى. شۇڭا خەلق بۇنىڭدىن بەكمۇ ئىلھاملانغان ۋە ئۈمىتۋار بولغان ئىدى. بۇ بىتىمدا: «ئۆلكىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامغىچە سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خەلق ئۆز كۆڭلىدىكى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى سايلاپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە. خەلق سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، نامايىش قىلىش ۋە باشقا ئەر- كىنلىكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ». «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆزىگە دائىر جايلاردا ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان قوراللىق قىسىملىرىنى ساقلايدۇ، قالغان 7 ۋىلايەتتە دېموكراتىك تەركىپ سايلام يۈرگۈزۈلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ماددىلار بەل- گىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بىتىمنى ئىجرا قىلمىدى، خەلق ئامىسى 11 بىتىمنى ھەقىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەققانىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش- نىڭ ئورنىغا ھەر خىل قەبىھ ۋاستىلار ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى. يەنە بىر تەرەپ- تىن، ئۇلار خەلقنى قورقۇتۇش ۋە باستۇرۇش جەھەتتىكى ھەربى تەييارلىقلىرىنى كۈچەيتتى. ناھىيىمىزنىڭ مۇھىم جايلىرىغا پوتەي سالىمىز دەپ دېخانلارنىڭ مەھسۇلات كۆپ چىقىدىغان تېرىلغۇ يەرلىرىنى مەجبۇرى ئىگەللىۋالدى، دېخانلارغا پوتەي ياساش ئالۋىڭى سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلە - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى. 1946 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا ياسىتىۋاتقان بىر پوتەي ئۆرۈلۈپ كېتىپ 6 - 7

ئادەم توپا ئاستىدا بېسىلىپ ئۆلدى. بۇنداق خورلۇقتا كىشىلەرنىڭ چىداپ تۇرغىدەك ھالى قالمىغان ئىدى. شۇنىڭدەك گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار ئىنتايىن چىرىكلىشىپ، پارىخورلۇق، قاقتى-سوقتى قىلىش ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. مائارىپ ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، مىللى مائارىپنى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ ئۇلارنىڭ مۇئاشىنى تارقاتماي بېسىۋېلىپ ئۇلارنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. مانا شۇنداق بىر قاتار زورلۇق-زومبۇلۇقلار كەڭ دېھقانلار بىلەن ئىلغار ياش-زىيالىلارنى تەشكىللىنىپ كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە پىچاندا رايونلار بويىچە ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ ھەركەت ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، ئۇلار: پىچان ياشلار تەشكىلاتى، لۈكچۈن ياشلار تەشكىلاتى، تويۇق-ياڭخى ياشلار تەشكىلاتى، لەمجىن ياشلار تەشكىلاتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلار كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ ئۇنىڭ كۈچ دائىرىسىمۇ بارغانسېرى زورىيىشقا باشلىغان ئىدى ۋە ئادەم سانىمۇ بىر نەچچە يۈزگە يەتكەن ئىدى.

يۇقىرقى تەشكىلاتلارنىڭ مەقسىدى:

1. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئەمەلدە ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇۋەللىرىنى قوغداش؛

2. بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا دېھقانلارنى ئويغىتىپ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر بېسىملارنى

ئازايىتىش ۋە تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا قوزغاش ۋە تەشكىللەش؛

3. دېھقانلار ئۈستىدە ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي تەھدىت ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، ئازاتلىق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىقى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەققانىي پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ 11 بىتىمنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىش يولىدا ھەركەت قىلغانسېرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 11 بىتىمنى قوپاللىق بىلەن بۇزۇپ زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تۈركۈم ئىنقىلاۋىي ياشلار، ئىنقىلاۋىي دېھقانلار، كۆكيار تېغىغا توپلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى. بۇ چاغدا پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىل ئەۋەتىپ ياشلارنى قايتىپ كېلىشكە نەسىھەت قىلماقچى بولغاندا، ئىنقىلاۋىي ياشلار ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىگە: «11 بىتىمنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىش؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مەسئۇتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» قا ئوخشاش پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ھەققانىي تەلەپلىرىگە جاۋاپ بېرىش ئورنىغا ياشلار ھەركىتىنى غالجىرلارچە باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىر پەيدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بۇ ئورۇنلاردىكى ئىنقىلاۋىي ياشلارنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. خەۋپلىك دەپ سانالغان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويدى.

پىچاندىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە، چوڭ

يومشىڭ ماشاگفو باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەنچى
بايلارنىڭ گومىنداڭ ھەربىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قىلغان
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق چىلىشتەك قەبىھ ھەر-
كەتلىرىمۇ سەۋەپ بولغان ئىدى. چۈنكى يومشىڭ ماشاگفو
ئۇرۇمچىدە گومىنداڭنىڭ گارنىزون قوماندانلىق شتاۋى بىلەن
ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن.
بىچان شەھرىدە ياشلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىگە قارشى قوراللىق
تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپلىمە نازارەت قىلىش
ھەركەتلىرىنى يۈرگۈزدى. ئۇلار ئۆزلىرى قۇرغان بۇ ئەكسىيەتچى
تەشكىلاتىنى «زىنۇبىدۇي» (ئۆز ئۆزىنى قوغداش قوشۇنى)
دەپ ئاتاشتى. بۇ ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ھەربى قىسىملىرى
بىلەن ماسلىشىپ ھەركەت قىلىدىغان تېررورلۇق ئەترەت ئىدى. بۇ
قوراللىق تەشكىلات ئۆزى بىۋاستە قولغا ئېلىپ گومىنداڭ باش
شتاۋىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن يۈسۈپ تۇردى، ئابلىز مامۇت،
تۇردى قېرى قاتارلىق دىخانلارنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ
كەتكەنلىكى ناھىيە بويىچە قاتتىق ۋەھىمە پەيدا قىلدى.
مۇنداق ئەھۋالدا دىخانلارمۇ قوراللىنىپ ئۆزىنى قوغداشنىڭ
قانچىلىك مۇھىم بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى.
شۇنىڭ بىلەن دىخانلار يەر-زېمىنلىرىنى، چارۋا ماللىرىنى
سېتىپ قورال-ياراق ئېلىشقا كىرىشتى. مەسىلەن: بىچان
رايونىدىن ئابلا ئاكا ئۆزىنىڭ 4 كىلورلىك (8 مو) يېرىنى
سېتىپ بىر تال مىلتىق سېتىۋالدى. لەمجىن رايونىدىن ھەمـ-
دۇللا ھېۋىپ 1500 جىڭ ساپ پاختا پۇلىغا بىر تال جېكىس
مىلتىق سېتىۋالدى. پاكەھلىق ئىمىن شاڭجاڭ ئەچچە مىڭجىڭ
پاختا پۇلىغا بىر تال تەمسىلىك پىلىموت سېتىۋالدى، يەنە بىر

قىسىم ئادەملىرى ئالتۇن، كۈمۈچ، چارۋىلىرىغا - ئوق دورا، قورال-
لارنى تېگىشىدۇ؛ بەزىلەر قارا مىلتىقلارنى ياسىۋالىدۇ ياكى
ياستىدۇ. شۇ تەقلىتتە دېخانلار ئۆزىنى قوغدىغىدەك قورال -
ياراققا ئىگە بولدى.

لەمجىن رايونىدىكى «ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى» غا
قاتناشقان لەمجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىغى ئابلىمەت
يۈسۈپ ئاھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن نەزەربەنت
قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ئۆز ئادىمى
پولاتنى لەمجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىغى قىلىپ ئەۋەتتى،
پولات لەمجىنگە كېلىپلا، لەمجىن، چۇۋاڭقىر يېزىلىرىدىكى
ئىلغار ياشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن گومىنداڭ ھەربىلىرىدىن بىر
بەن ئەسكەرنى ياردەمگە ئېلىپ ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىنقىلاۋىي ياشلار ھەمدۇللا
ھېۋىپ يېتەكچىلىكىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى
ۋە ساقچى شۆبىسىدىكى ئىنقىلاۋىي ياشلارنىڭ ئىچكى جەھەت-
تىن ماسلىشىشى بىلەن كېچىدە ساقچى شۆبىسىنىڭ قورال-
لىرىنى قولغا چۈشۈرۈشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا
قاتنىشىدىغان ئادەملەرنى بېكىتىپ، شۇ ئاخشىمى ھەرىكەتكە
كېلىش بىلەن يېرىم كېچىدە قاراۋۇل بىلەن ئالاقىلىشىپ
ساقچى شۆبىسىگە باستۇرۇپ كىردى ۋە پولات سوجاڭنى تۇ-
تۇۋېلىپ، 8 تال مىلتىق، 3 تال قىلىچ، 3 تال گىرانات،
4 ئات غەنىمەت ئېلىپ ئۆرتەڭگە چىقىپ كەتتى. ساقچى شۆ-
بىسىنىڭ قورالىغا ئىگە بولغان بىر قىسىم ياشلار شۇ كې-
چىسى خاندو ساقچى شۆبىسىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، خاندو
ساقچى شۆبىسىنىڭ مۇداپىئە تەييارلىقى پۇختا بولغانلىقى

ۋە ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشمىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈ-
چۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.
يۇقىرىدىكى ھەركەتتىن خەۋەر تېپىپ ئىلھاملانغان لۈك-
چۈن ياشلىرى 1947-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئەخ-
مەتنىياز باشچىلىقىدا جىددى يىغىن ئېچىپ، شۇ كۈنى كې-
چىدە لۈكچۈن ياشلىرى بىلەن ياڭخى كارىزدىكى ياشلار بىر-
لىكتە لۈكچۈن ساقچى شۆبىسىنىڭ قوراللىرىنى قولغا چۈشۈ-
رۈشنى قارار قىلدى. 10-كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى لۈكچۈن
ئۇيۇشما رەئىسى شېرىپبەگ قاتارلىقلار ساقچى شۆبىسىگە كې-
لىپ شۇڭگەن ئىبراھىم رازىيوپ بىلەن قورالنى تاپشۇرۇش
توغرۇلۇق سۆزلەشتى. تاڭغا يېقىن ياڭخى كارىزدىكى ياشلار
يېتىپ كېلىپ، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن ئوبدان ماسلىشىپ
ھەركەت قىلىپ، ساقچىلاردىن 12 تال مىلتىق، بىر دانە تا-
پانچا، 8 تال قىلىچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى غەنىمەت ئالدى.
شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى ياشلارنىڭ ئادەم سانى 70 نەچچە
كىشىگە يېتىپ، بىر پىلىموت، 2 ئاپتومات، 15 تال مىلتىق-
قا ئىگە بولدى. بۇ جەرياندا بۇ ئورۇندىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئاش-
لىق ئامبار قاتارلىق جايلىرىغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت
يەتكۈزۈلمىدى. ياشلار كۆپرەك قورالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن
چەت-ياقا ئورۇنلاردىكى قوراللارنى قولغا چۈشۈرۈشنى مەق-
سەت قىلىپ، ئىمىن شاڭجاڭ باشچىلىقىدىكى ياڭخى-لۈك-
چۈن ياشلىرىدىن 70 تىن ئارتۇق كىشى بىرلىكتە 1947-
يىل 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەتىگەندە 4 تېمىدىكى گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بىر نەچچە سائەت-
لىك جىددى ئېلىشىشتىن كېيىن بۇ يەرنى ئىگەللەپ، بىر

تال ئاپتومات، 5 تال مىلتىق، 2 دانە ماۋزۇر، بىر مۇنچە ئوق - دورىلارنى غەنىمەت ئالدى.

## سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىش

تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپان يېڭىشەھەر سېپىلىدىن ئاغامچا بىلەن سىرىلىپ چۈشۈپ ئاستانىغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئىنقىلاۋىي ياشلاردىن رەجەپ توختى، ئابدۇل پەرسا باشلىق 70 ئادەم 20 - 30 تال مىلتىق، 2 ئاپتومات بىلەن ئاتلىق ھەم پىيادە، قوراللىق ھەم قورالسىز ئادەملەر قوشۇلۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كۈندۈز سائەت 10 ئەتراپىدا غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپتىن سىڭگىم ئېغىزىدىكى گومىنداڭ يىگىبۇسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىنقىلاۋىي ياشلار قىيىنچىلىققا چىداپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، قىستاپ زەربە بېرىپ گومىنداڭ ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاشتى. سائەت 3 - 4 لەر ئەتراپىدا پىچان ناھىيە لۈكچۈن، ياڭخي ياشلىرى ئىمىن شاڭجاڭ باشچىلىقىدا 100 دىن ئارتۇق ئادەم 66 تال مىلتىق، 2 تال ئاپتومات، بىر تەخسىلىك پىلىموت ۋە بىر قانچە گىراناتلار بىلەن قوراللىنىپ كېلىپ دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئۇ چاغدا پىچان ناھىيىسىدە ئۆتەك ئېغىزىغا توپلانغان ياشلار ۋە لەمجىن ياشلىرى بولۇپ 200 دەك ئادەم چوڭ - كىچىك 40 تال ياراق بىلەن كېلىپ سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلغان ئىدى. جەڭ جەريانىدا ياشلارنىڭ بەزىلىرى مەردانىلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، شىبەن تاشلارنى

كوتۈرۈپ بېرىپ ياكى توقۇم ـ ئۇچۇلۇقلارنى ھۆل قىلىپ پوتەيىنىڭ
ئۇت ئېتىزلىرىنى توساپ، ئۇت كۈچىنى توختاتماقچى بولۇشتى.
چۈنكى بۇلاردا پارتلاتقۇچ دورا بولمىغانلىقتىن پوتەيلەرنى پارتلىتىپ
بۇزۇپ تاشلاشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئاخىرى جەڭ كېچىچە
داۋام قىلىپ يېرىم كېچىلەردە دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاشقان
ياشلار2 گىراناتنى قوشلاپ ئېتىش بىلەن پوتەيىنى پارتلىتىۋەتتى.
كۈندۈز ۋە كېچىدىكى جەڭلەردە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوق تېگىپ
ئۆلۈش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇردى. ئىنقىلاۋىي ياشلاردىن ئەۋەيدۇللا
روزى تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاشقاندا، دەل پوتەيىنىڭ تۆشۈكىنى نىـ
شانلاپ ئاپتوماتتىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇرغاندىن كېيىن،
گومىنداڭ تەرەپتىن ئومۇمى يۈزلۈك ئوق ئېتىش توختىدى.
ئاندىن پوتەي ئۈستىگە گومىنداڭ تەرەپتىن بىر ئادەم چىقىپ
ئاق بايراق كۆتەردى. ئۇرۇش تەجرىبىسى بولمىغان ياشلاردىن
بىرسى دەرھال ئوق چىقىرىپ ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. شۇنىڭ
بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەنە ئوق ئېتىشقا باشلىدى.
1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جەڭ جىددى داۋام
قىلىۋاتاتتى. ئەتىگەن سائەت 6 لەردە (كۈن يېڭى چىقىۋاتـ
قان ۋاقىتتا) تۇرپان، يەنى ئۇرۇش رايونىنىڭ غەربىي تەرىپىـ
دىن نەچچە يۈز ئاتلىق قوراللىق ئادەم ئاق بايراق كۆتەرگەن
ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇرۇش قىلىۋاتقان ياشلار مەزكۇر ئاـ
دەملەرنى «توخسۇن تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن ياشلار بولسا
كېرەك» دەپ ئويلاپ خاتىرجەم تۇرۇشقاندا ھېلىقى ئاق بايـ
راق كۆتەرگۈچىلەر يېقىن كېلىۋېلىپلا، پىلىموتلىرىدىن ئوق
چىقىرىپ ئىنقىلاۋىي ياشلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. ئىنقىلاۋىي
ياشلار ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. تۇرپان تەرەپتىن

كەلگەن گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بۇ پىيادە ياشلارنى قوغلاپ يۈرۈپ 100 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان لەمجىن ۋە سىڭگىم ياشلىرى كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقاندا قۇمۇلدىن ئاپتو ماشىنا بىلەن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىر قانچە پىلىموتتىن تەڭ ئوق ياغدۇرۇپ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئېغىزنىڭ غەرب تەرىپىدە ئۇرۇشۇۋاتقان ئىنقىلاۋىي ياشلارنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئېغىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ لەمجىن ياشلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە باشلىدى. سىڭگىمدىكى مەتنىياز دېگەننىڭ قورۇسىدا توپلىنىپ تۇرغان ياشلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپتىن خېلى نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. ئاخىر ئىنقىلاۋىي ياشلاردىن كېرەم ھاپىز دۈشمەننىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئوق ئېتىپ دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ، مۇھاسىرىدە قالغان بىر مۇنچە ئىنقىلاۋىي ياشلارنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ كەتكەن بولسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، مۇھاسىرىدىكىلەر مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ كەتكىچە دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ تۇرۇپ ئاخىر مەرتلەرچە قۇربان بولدى.

## چىقتىمدىكى جەڭ

1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پىچان ۋە چىقتىم ياشلىرىدىن 30 نەچچە ئادەم مەكلىك باقى ئاسقال،

نىياز ئالتۇنچى، رىبانوف (رۇس)، سۇلايمان بوجاڭلارنىڭ باشچىلىقىدا 7 قۇدۇق (چىڭ-جىڭزا) ئەتراپىدىكى بىر داۋاندا مەھكەم ئىستىھكام ياساپ، قۇمۇل تەرەپتىن كېلىدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە توساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ماشىنا گومىنداڭ ئەسكەرى ياشلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلغان بولسىمۇ، كەينىدىن كەلگەن 4 ماشىنا گومىنداڭ ئەسكىرى بىر قانچە پىلىموت بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ئىنقىلاۋىي ياشلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جەڭدە سۇلايمان بوجاڭ، نىياز ئالتۇنچىغا ئوق تېگىپ قازا تاپتى.

1947-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى چىقىتىم يېزىسىدىكى ياشلار نەنخۇلىدىكى قورغانغا ئورۇنلاشقان بىر لىيەن گومىنداڭ ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى ۋە ئاز كۈچ بىلەن يولدا كېلىۋاتقان ئىككى بىرونوۋىك ماشىنىسىنى توساپ زەربە بەردى. لېكىن كۈچ ئاجىزلىق قىلغاچقا كۆكياردا توپلىنىپ تۇرغان پىچان ياشلىرىدىن ۋە سىڭگىم ئېغىزىدىن چېكىنىپ خاندو يېزىسىغا كەلگەن پىچان، لەمجىن ياشلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ خەت بىلەن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا پىچان ياشلىرى كۆكيارغا توپلىنىپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ لەمجىندىن ئۆتۈپ پىچانغا قاراپ ماڭغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار يىغىن ئېچىپ، پىچان يولىدا توساپ زەربە بېرىشنى قارارقىلىدۇ ۋە 400 گە يېقىن ئادەم بىلەن يۈرۈش قىلىپ، لەمجىن

بولىدىكى تۆشۈك تاقىغا كەلگەندە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ
بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇ. ئاندىن كېيىن بۇلار
مەسلىھەتلىشىپ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش پىكرىگە كەل-
گەن بولسىمۇ، يەنە بۇنداق قىلىشتىن زىيان تارتىپ قېلىشنى
ئويلاپ توختاپ قالدۇ. شۇ ئارىدا چېقىتمىدىن ئەۋەتىلگەن
ئادەم يېتىپ كېلىپ ئەينى ئەھۋالنى مەلۇم قىلدۇ. بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ 700 دەك ئادەم تەشكىللىنىپ تاڭ ئاتقىچە چېقىتمىدىكى
مەڭلىك ئاسقالىنىڭ كارىزىغا يېتىپ باردۇ. ياشلار 3 يىڭىغا
بۆلۈندۇ. ھەر بىر يىڭىغا 30 تالدىن قورال، 40 دانىدىن
گىرانات تەقسىم قىلىندۇ ۋە شەرق، غەرپ، جەنۇپ ئۈچ
تەرەپتىن قورغاننى قورشاش باشلىندۇ. قورغان ئۈچ قەۋەت
مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئېلىش ئاسان ئەمەس
ئىدى. كۈندۈزى ھۇجۇم قىلماي، كېچىسى ھۇجۇم قىلىشقا توغرا
كېلەتتى. شۇڭا كېچىسى ھۇجۇم قىلىش پىلانلاندى. يەنە بىر
تەرەپتىن، ئۇلارنى تېچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ
كۆرۈش ئۈچۈن بىز تەرەپتىن ۋەكىل كىرگۈزۈپ باقساق، بۇ
فاشىستلار بارغان ۋەكىلىمىزنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىپ تاشلىدى. شۇ
ئارىدا پىچاندىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋاتقانلىقى توغ-
رىسىدا خەۋەر كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پىلان ئۆزگىرىپ
كۈندۈزى ھۇجۇمغا ئۆتۈش قارار قىلىندى. قورغانغا چىقىش
ئۈچۈن، ئاغامچا، ياغاچلاردىن شوتا ياساپ تۇرغان مەزگىلدە
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ غەرپ تەرەپتىن ھۇجۇم
باشلىۋەتتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پىلىموت ۋە زەمبىرەك
قاتارلىق ئېغىر قوراللار بىلەن ئىستىراتېگىيىلىك جايغا
ئورۇنلىشىۋالغان ئىدى، سان جەھەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى.

بۇنداق ئەھۋالدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتقان ياشلار ئىلاجىسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھۇجۇمنى شەرققە يۆتكىگەندە شەرقتىكىلەرمۇ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. جەنۇپ تەرەپكە ئىككى بىرووۋنىك ماشىنا ۋە 200 دىن ئوشۇق ئەسكەر ھۇجۇم قىلدى، ياشلار بۇ بىرووۋنىك ماشىنىنى زەخىملەندۈرۈپ توختىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئوق - دورا ئاز قالغانلىقتىن بۇ تەرەپمۇ چېكىنىشكە توغرا كەلدى. ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەر قايسى تەرەپلەرگە چېكىنىپ كەتتى، ئاخىر 70 دەك ئادەم كۆكيارغا توپلىنىپ بىر كۈن دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ، تارقاپ كەتكەنلەر يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسى قوشۇلۇپ چالقان تېغىغا چىقىپ كەتتى (كۆكيار پىچان ياشلىرى توپلانغان جاي، چالقان تېغى تۇرپان ياشلىرى توپلانغان جاي).

قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى پىچان دائىرىسىدە تۆۋەندىكىچە تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. دېموكراتىك سايلامدا خەلق تەرىپىدىن سايلانغان يېزا - كەنت باشلىقلىرىنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەرقايسى جايلاردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان زومىگەرلەرنى يېزا ھاكىمىيەت بېشىغا قايتا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قورقۇتۇپ قاقتى - سوقتى قىلدى. گومىنداڭنىڭ قوراللىق ساقچى، ھەربى قىسىملىرىغا ماسلىشىپ چىقىم بولغان ئات - ئۇلاقلارنى تۆلىتىش، قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

بۇ باھانە بىلەن نۇرغۇن مال-مۈلۈك تۇپلاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاممىنى تالان-تاراج قىلدى.

2. ناھىيىدە تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ، گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ قوللىشى ھەم پىلانلىشى بىلەن «جىسا تۈەن» قۇرۇپ، خەلقنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ھەر بىر رايون، يېزىلاردا زۇڭ جىيا، باۋلاردا باۋجىيا، ھەر بىر ئون ئائىلىگە مىسا ياكى جاجىسا دېگەن ناملار بىلەن ئادەم بېكىتتى. بۇنىڭدىن باشقا يوشۇرۇن ئىشپىيونلارنى قويدى، ئۇنىڭ سىرتىدا لەمجىن، چوۋاڭقىر يېزىلىرىدا «شاپتۇل»، «گاڭبى»، «خۇيىڭ»، «بىتو» قاتارلىق مەخپىي ئىسىملىك بىلەن 40 تىن كۆپرەك ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشپىيونلۇق تورلىرى ياشلىرىمىزنى تىزىملاش، قورال-ياراقلارنى تىزىملاش، ياشلار مىنگەن ئاتلارنى تىزىملاش، خەۋەر يەتكۈزۈش، ھەتتا ياشلارنى تۇتۇپ بېرىش قاتارلىق ۋەھشىلىكلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەن قارا ئىسىملىك 300 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئىسىملىكتىكى بەزى كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. مەسىلەن: «جىساتۈەن» باشلىقى نوھ ئەۋەيت ئاكىسىنىڭ ئوغلى ياش دوختۇر خالىق ھەمدۇللا ۋە ھەمدۇللا سۇلتان، ھوشۇر باي قاتارلىقلارنى تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشكارا، بەزىلىرى مەخپىي ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. خەلقنىڭ قولىدىكى نۇرغۇن قورال-ياراق ۋە ئاتلارنى يىغىۋالدى.

قورچاق ناھىيىلىك ساقچى ئورگىنى ۋە رايون يېزىلاردىكى ساقچى شۆبىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەشەددىي زومىگەرلەرنى ناھىيىلىك ساقچى ۋە شۆبە ساقچىلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. زومىگەر، يومشىنىڭ ئائىلىسىدىن كېلىپ

چىققان قىسمەن ئەكسىيەتچى ياشلارنى ساقچىلىققا قوبۇل قىلىپ «جىساتۇەن»، باۋجاڭلار بىلەن يېقىندىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىلغار ياشلارنى تۇتۇپ قاماش، سوراق قىلىش ئىشلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈش بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقان تۇرغۇنلىغان ياشلارنى (90 دىن ئارتۇق) ساقچى شۆبىلىرىگە، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ۋە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ تۈرمىلىرىگە سولىدى. بەزىلىرىگە مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى، بەزىلىرىنى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئەۋەتىپ بەردى، بەزىلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كوچىغا ئېسىپ قويدى. مەسىلەن، لەمجىن ياشلىرى ۋە ناھىيە ياشلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر يېتەكچىسى يۇسۇپ تالىپنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ لەمجىن رايونى ۋە پىچان بازىرىغا بىر قانچە كۈن ئېسىپ قويۇپ خەلقنىڭ يۈرىگىنى ئەزدى. ناھىيىلىك ساقچى دائىرىلىرى تۇتقۇن قىلىنغان ياشلارنى گومىنداڭ ھەربى دائىرىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

پىچاندىكى بىر يىلىك گومىنداڭ ئەسكىرىدىن باشقا، تۇرپاندىن ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، لۈكچۈن، لەمجىن رايونلىرىدا بىر پەي ئەسكەر تۇرغۇزۇپ رايون، يېزا-تاغلارغىچە كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش ئېلىپ باردى. مەسىلەن: پىچاندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يىڭجاڭى ۋاڭ رېن ياۋ، باۋدېخېڭلارنىڭ باشچىلىغىدىكى تېرورچىلار قورچاق ناھىيىلىك ساقچىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان 16 نەپەر ئىنقىلابچىنى ۋەھشىلەرچە قىيىن-قىستاققا ئېلىپ، مۇئاۋىن ھاكىم خېلىل ئىبراھىمنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەممىسىگە قومۇش مىق قاققان، جان يېرىگە قىل تىققان، ئۇزۇن ئورۇندۇققا تېڭىپ، يوتىسىغىچە باغلاپ،

7 ـ 10 چە خىش قىستۇرۇپ ماڭالماس قىلىپ، ئۆمىلەپ ماڭىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بەزىلەرنىڭ بەدىنىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ يېقىپ، «ئەخمەت ئەپەندىلەر نېمە دېدى!؟»، «نېمە قىلماقچىدىڭلار؟» دەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى رەھبەر-لىرىگە چېتىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىقرار قىلدۇر-ماقچى بولغان، ئۇلار ھەر قانچە قىيىنىسىمۇ «بىلمەيمەن» دىن باشقا جاۋاپ ئالالمىغان. يۈسۈپ باقى، ياسىن رېقىپ قاتار-لىق يولداشلار ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى شېئىر ۋە شوئارلارنى تۈرمە تاملىرىغا قېنى بىلەن يېزىپ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ۋە جاسارىتىنى نامايەن قىلغان. ئىنقىلاۋى ياش-لارنى بويسۇندۇرالمىغان جاللاتلار 1947 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەتىگەندە شەھەردە ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈپ تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان مۇئاۋىن ھاكىم خېلىل ئىبراھىم، باش كاتىپ ھېبىبۇللا ئامىر، ناھىيىلىك ساقچى تەپتىشى يۈسۈپ باقى، لەجىن ساقچى شۆبە باشلىغى ئابلىمىت يۈسۈپ، خالدۇ ساقچى شۆبە باشلىغى مۇھەممەت قاسىم، ناھىيىلىك ساقچى خادىمى زەپەر خېۋىر، ئوقۇتقۇچى ياسىن رېقىپ، لۈكچۈن ساقچى جەكچىسى ئېلى پولات، ناھىيىلىك ساقچى جەكچىسى ئۆمەر ھەسەن، دىخانلاردىن ھوشۇر باي (پىچان ماچاڭلىق)، مەڭلىك ئاسقال (پىچان چىقتىملىق)، بارات ئاخۇن (ناھىيىلىك ساقچى خادىمى)، ھامۇت ئاكا (لاپچانلىق) دىخان، سېيىت ھامۇت (پىچان خاندو يېزىسىدىن)، ئىمىن ئېلى (پىچان-لىق دىخان) قاتارلىق 16 نەپەر ئىنقىلاپچىنى پىچان بازى-رىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى غولغا ئېلىپ بېرىپ، پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭغىمۇ

قانائەت قىلمىغان ۋەھشى قانخور جاۋىيىڭجاڭ تاپانچىسى بىلەن يەنە بىر قېتىمدىن ئېتىپ يىۇخادىن چىققان بولدى.

يۈسۈپ ناۋايغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىپ يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردى. چىقتىمدا ۋاڭ يىڭجاڭ باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر بىگۈنا كىشىلەرنى (ئېتىمزدا ئەمگەك قىلىۋاتقان ۋە يولدا كېتىۋاتقان) تۇتۇپ ئۆز ئادىمى ۋاڭ پەيجاڭ، چىقتىملىق توختى جىسا ۋە ۋاڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار باقىدىكى كونا كارىز قۇدۇق بېشىغا ئەپكېلىپ ئەرشىدىن باشلىق 18 نەپەر كىشىنى بوغۇزلاپ قۇدۇققا تاشلىۋەتتى، ھەتتا چىقتىم يېزىسىدىن پىچانغا ئۇن تارتقىلى كېلىۋاتقان بىر نەپەر دىخان ئايالنى يول ئۈستىدىلا ئېتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پىچان ئەتراپىدىكى ۋە بازىرىدىكى ئابدۇشۈكۈر قازى، يۈسۈپ تۇردى، لۈكچۈن رايونىدىن ھەمدۇل قارى، ئەنەس سادىق، يولۋاس غوجەك، تۇرنىياز قاغا قاتارلىق 17 كىشىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ ئىزسىز يوقىتىۋەتتى. چىقتىم، تاغ بولى، يەنچى، ئۆتەك ئېغىزى قاتارلىق تاغلىق جايلاردا تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچى شانىياز توختى، توختى كىگىزچى، ئابدۇل تاھىر سېتى، مەخلىك قاتارلىق 7 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە شانىياز توختى دىگەن ئوقۇتقۇچىنى ئاتقاندىن كېيىن، بېشىغا يەنە قىلىچ بىلەن چېپىپ ئادەم تونۇغۇسىز قىلىۋېتىشتى.

ئومۇمەن، گومىنداڭ جاللاتلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بىگۇنا قېرىنداشلىرىمىزدىن 80 نەپەر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىمەس قان قەرزگە بوغۇلدى.

باشلار ئىنقىلاۋنىڭ غوللۇق كۈچلىرى ئاساسەن ئىلغار

مائارىپچىلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئەكسىيەتچى گومىنداڭ دائىرىلىرى ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى جاھىل، مۇتەئەسسىپ جىنجاڭ، شاڭجاڭ، باۋجاڭ-لارغا تۇتقۇزۇپ، ئىنقىلاپقا قاتناشقان زىيالىلارنى، ئوقۇتقۇچى، مۇدىرلارنى مائارىپ سېپىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر تاقالدى. بەزى مەكتەپلەر گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتخانىسىغا ئايلاندى. ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرمىدى، خىيانەت قىلدى. سىيا-سى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن «مىلتىق تۇتۇپسەن»، «ئات مىنىپسەن» دىگەن بۆھتانلارنى چاپلاپ، مىنگەن ئاتلارنى ئىگىسىگە قايتۇرغان تۇرۇقلۇق ئېغىر باھادا تۆلىتىپ نۇرغۇن-لىغان ياشلارنى كۈن كەچۈرەلمەس قىلىپ قويدى، بەزىلىرى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. دېرەكسىز يوقالغان، ئاشكارا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋە-لىرىنى ئېغىر ئىقتىسادىي، سىياسى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۇلار-نىڭ يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەت قالدۇردى. شۇنداق بولسى-مۇ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ياشلاردىن قۇربان بولغانلار ۋە ھايات قالغانلار ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇر-چىنى ئادا قىلدى.

# شىنجاڭ تىنچ ئازات بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربى قىسىملىرىنىڭ قارا شەھەر ۋە كۇچاردا يۈرگۈزگەن بۇلاڭچىلىغى

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ھەربى قىسىملار ھەقمقەتكە قايتىشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ قۇمۇل، پىچان، قارا شەھەر، كۇچار قاتارلىق جايلاردا بىر قاتار بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇردى. مەن بۇ داقالىدا قارا شەھەر ۋە كۇچاردا بولغان بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىنى يەنجى ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ كادىرى ۋۇ جياۋرۇي، قورچاق شيەنجاڭ ما ۋېنخۇەن، سىياسى كېڭەش ئەزاسى مۇھەممەت داموللا، مۇھەممەت زوزى ھۇسەنباي، سودىگەر مەتتەمباي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ رەتلەپ چىقىپ كىتاپخانىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. تولۇق بولمىغان تەرەپلىرىنى كىتاپخانىلارنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

# قارا شەھەردە بولغان بۇلاڭچىلىق

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ 9 كۈن ئۆتكەندە، يەنى 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قارا شەھەردە بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ نوقۇل ھالدا مال - دۇنيا بۇلاپ ئېلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنى قارشى ئېلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا قىلىنغان جىنايى ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى قارا شەھەرنى ئەزەلدىن ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن كۆرۈپ، كۈچلۈك سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئاپاراتلىرىنى قۇرغاندىن تاشقىرى، جۇڭ زۈيسەن قوماندانلىقىدىكى 128 - ئاتلىق بىرىگادىنىڭ بىرىگادا شتابىنى شۇ يەردە تۇرغۇزغان ئىدى. بۇ بىرىگادىغا تەۋە قىسىملارنى بولسا قارا شەھەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بۈگۈر، خوشۇت، خوتۇنسۇمبۇل، كورلا، كۆمۈش قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن تاشقىرى، قارا شەھەرنىڭ ئۆزىدە يەنە بىر پولك ئاتلىق ئەسكەر تۇرغۇزغان ئىدى. بۇ ئاتلىق پولك قاراشەھەر ئايروۋدۇرۇمىدا تۇراتتى. بازار ئىچىدە بىر باتالىيون ئەسكەر تۇرغۇزغاندىن تاشقىرى، يەنە 200 كىشىلىك ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىمۇ قۇرغان ئىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇس كوماندىرى ماچېڭشياڭ بىلەن 78 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى يې چىڭلار

ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ چەتكە قېچىش يولىدا ئىلـ
گىرى - ئاخىر قارا شەھەرگە كېلىپ چۈشتى. ئۆلكىلىك خۆيزۇ
ئۇيۇشما رەئىسى ماگويىي قاتارلىقلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ
كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەسكەرلەرگە
تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكىگە يېرىم يىلدىن ئاشقان
ئۇنىڭ ئۈستىگە تاۋۇز چاغىنى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ
كېلىۋاتقان بولغاچقا ئەسكەرلەر چاغان تەييارلىقى ئۈچۈن
باش قاتۇرۇشۋاتاتتى.

ماچۇڭشياڭ، يې چېڭلار كېلىپلا 128 - بىرىگادىدا شىتاـ
ۋدىغا چۈشتى ۋە 3 كۈن تۇرغاندىن كېيىن 9 - ئاينىڭ 29 -
كۈنى جەنۇپقا ئۆتۈپ كەتتى. بىرىگادا كوماندىرى جوڭ
زۈيىنمۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى جاھىللاردىن ئىدى. ئۇ
9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باي ناھىيىسىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر
پولكىنىڭ كوماندىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز ئورنىغا دەيلى
لۈيجاڭلىققا بەلگىلەپ قالدۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ گارنىزون
باش قوماندانلىق شتاۋىدىن قارا شەھەر كۆۋرۈكىنى ياسىتىش
ئۈچۈن بېرىلگەن 7000 سەر تەڭگىنى چۆنتىكىگە سېلىپلا، ما-
چىڭشياڭ، يې چېڭلارغا ئەگىشىپ چەتكە قاچتى.

دەيلى لۈيجاڭ ئۇلارنى ئۇزىتىپ يولغا سېلىۋېتىپلا قارا
شەھەر بازىرىدا ئۆز نامىدىن: «ئەسكەرلەرنىڭ چاغانلىقىغا
پۇل يىغىپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ، قالايمىقانچىلىق توغدۇرسا
ئۇ چاغدا بىز توسيالماي قالىمىز» دەپ گەپ تارقىتىدۇ.
بۇ گەپ تارقىلىپ ئۇ بىر تەرەپتىن، خەلقنى قورقۇتۇپ بىر
مۇنچە پۇل يىغىۋېلىشنى مەخسەت قىلغان بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن، ئەسكەرلەردىكە بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭ يېشىل چىرىـ

گىنى ياققان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قارا شەھەردە: «دەيلى
لۈيجاڭ، ئەسكەرلەر قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرسا مەنمۇ توسيالـ
مايمەن، دەپتۇ» دېگەن گەپ تارقالغاندىن كېيىن، ۋەھىمىگە
چۈشكەن خەلق، ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن
پۇل يىغىش قىلىشقا باشلايدۇ. توڭ يېيۈن دورىخانىسى پۇل
يىغىپ ھەربىلەرگە سوغا قىلىدۇ. شۇي كېمىڭ باشلىق
سودا - تىجارەتچىلەرمۇ پۇل توپلاپ سوغا تەقدىم قىلىدۇ.

خوشۇتىنىڭ موڭغۇل مەمۇرى ئەمەلدارى ساخەنىزالىڭ
يالغۇز ئۆزىلا 16 يامبۇ سوغا قىلىدۇ. بېرىلگەن سوغاتلار
خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتتە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق
قىلغۇچى ئەكسىيەتچى ھەربىلەر نىيىتىدىن قايتمايدۇ.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە 128 - بىرىگادا شىتاۋىدىكى
لى سەنمۇ ۋە ليەنجاڭ يەن شۇخۇالارنىڭ باشلامچىلىقىدا
ھەربىلەرنىڭ قوراللىق بۇلاڭچىلىقى ئومۇمىي يۈزلۈك باشـ
لىنىدۇ.

ئۇلار شۇ كېچىسى توپ - توپ بولۇشۇپ قارا شەھەردىكى
ئاتاقلىق سودا دۇكانلىرىدىن ماخۇگېر، خې شىڭشاڭ، ۋاڭ
يوداۋ ئاخۇنىنىڭ سودا دۇكىنى، مەتتەمبايىنىڭ گەزمال - چاي
دۇكىنى، مەھەممەت خېلىلنىڭ گەزمال دۇكىنى، ماشىنجۇ، نى
شۇسەن، روزەمباي، ليۇۋېنسەيلەرنىڭ سودا دۇكانلىرى قاـ
تارلىق 30 دىن ئارتۇق سودا دۇكانلىرىنى بۇلاپ، ئاندىن
ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ھەم دۇكان ساقلاۋاتقانلاردىن پەيـ
زۇللانى ۋە 16 ياشلىق ئىنىسى ئەخمەتنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.
خۇدابەردى ئاخۇننى ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ، پۇتىنى سۇندۇـ
رۇپ تاشلايدۇ.

ئۇندىن باشقا، ئاتلىق پولك ئەسكەرلىرى ياش قىز-ئاياللاردىن بىر قانچىسىنى بۇلاپ ئەپكېتىپ ئۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە 2 قىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، 2 قىز ساراڭ بوپكېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نى شۇسەننىڭ 22 ياشلىق قىزى، ياگورنىڭ 13 ياشلىق قىزى، يەنجى ئاخۇننىڭ 14 ياشلىق ۋە 20 ياشلاردىكى 2 قىزى ۋە كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق نۇڭ لاۋخەننىڭ 23 ياشلاردىكى قىزى بار.

ۋالى مەھكىمە كاتىۋى ليۇجېن ئەسلى جۇنتۇڭ سىستېمىسىدىكى ئىشپىيون بولۇپ، ئۇمۇ 128-بىرىگادىغا ماسلىشىپ قاراشەھەر باۋ ئەندۇي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ، شەنشى مەچىت كوچىسى، قەشقەر مەچىت كوچىسى ۋە گاۋسى كوچىلىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. مۇشەبازا ئىسىملىك 60 ياشلىق خۇيزۇ ئاھالىسىنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ، ئاندىن ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. يى ۋەنلىگىنىڭ ئائىلىسىنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

قارا شەھەردىكى بۇلاڭچىلىق ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان. بازار، رەستىلەر كۆيۈۋاتقان، ھەممە ياقنى ئوق ئاۋازلىرى، دات-پەريات، يىغا-زارە قاپلىغان ئىدى.

گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى قارا شەھەردە ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىق پاجىئەسىدە جەمئىي 12 كىشى ئۆلگەن، 30 دىن ئارتۇق دۇكان ۋە 100 دىن ئارتۇق ھەر قايسى مىللەت ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران قىلىنغان. قورقۇپ كەتكەن ئاھالىلار 3-4 كۈنلەرگىچە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلەلمىگەن.

خىجىلىك ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولكىنىڭ كومـ
ماندىرى چاڭ سىنشاڭ بۇ قەبىھ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ 10 ـ
ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەتىگەندە زەمبىرەكچى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
قاراشەھەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ ۋە: «بۇلاڭچىلىقنى توختاتمىساڭلار
توپقا تۇتىمەن!» دەپ تەھدىت سېلىپ بۇلاڭچىلىقنى توختىتـ
تىدۇ. بىراق، ئاشۇ 10 كۈن ئىچىدە ئەسكەرلەرنىڭ 5 تىن، 6
دىن بولۇپ بىرلىشىۋېلىپ، يېزىلارغا بېرىپ ئايرىم ئۆيلەرنى
بۇلاش ئىشلىرى يەنە داۋاملىشىپ تۇردى. ئازاتلىق ئارمىيە قاراـ
شەھەرگە كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ بۇلاڭچىلىقنىڭ قۇيـ
رۇغى ئۈزۈلدى.

## كۇچاردا بولغان بۇلاڭچىلىق ئەھۋالى

(مەن بۇ ماتېرىيالنى سابىق كۇچار ساقچى باشلىقى
ئابلىمىتخان، ساقچى خادىمى روزى ھاپىز، سابىق گومىنداڭ
پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى ساۋۇر بەكرى، پەتىمدىن غوجا قاتارلىق
19 نەپەر كىشى بىلەن سۆزلىشىپ ئىگەللىگەن ماتېرىياللىم
بويىچە رەتلەپ چىقتىم).

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە
(بىر كېچە، ئىككى كۈندۈز) كۇچار ناھىيىسىدە گومىنداڭ ھەرـ
بىلىرىنىڭ تېچ ئاھالىلارنى ئۆلتۈرۈپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، ئوت قويۇپ دۇكان ۋە ئۆي ـ ئىماـ
رەتلەرنى كۆيدۈرگەن قاتارلىق ئېغىر جىنايى ھەرىكەتتى يۈز بەردى.

بۇ چاغدا شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى
تاۋسىيۈي باشلىق كىشىلەر 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھەقىقەتكە
قايتىش خىتاپنامىسى ئېلان قىلغان ۋاقىت بولسىمۇ، بىراق يەنە بىر

تۇركۇم گومىنداڭ جاھىللىرى ئۆپكىسى كېتىپ كانىيى قال-
-ىنىغا تەڭ بەرمەي ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئىدى. بۇ-
نىڭدىن كۆچلەردىكى بۇلاڭ - تالاڭنىڭ پۇل - مال بۇلاپ ئېلىش
ئۈچۈن قىلىنغان ئادەتتىكى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى بولماستىن،
ئاشۇ بىر تۇركۇم جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ ھەقىقەتتە قايتىشقا
قارشى يۈرگۈزگەن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈ-
ۋېلىش تەس ئەمەس.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى كۆچارغا 2 پولك
ھەربى كۈچ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ بىرى ئاقسۇدىكى
65 - بىرىگادىدىغا قاراشلىق ليۇچىڭشۈي ئاتلىق پولكى، يەنە
بىرى گېنېرال مايور گاۋ چاۋدۇڭنىڭ ۋەنماتۇەن ترانسپورت
پولكى ئىدى. بۇ ئىككى پولك ھەربى كۈچ كۆچاردىكى گو-
مىنداڭ مەمۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلقنىڭ شىلىمىغا
مىنىپ، ئاشلىق، ئوزۇق، يەم - خەشەك جەھەتتە قۇتۇلغۇسىز
ئاپەت بولغان ئىدى ۋە خەلقنى جىنىدىن جاق تويغۇزغان ئىدى.
كۆچارغا يەنە جۇنتۇڭ شىنجاڭ پونكىتىنىڭ سىۋىڭ خەنجاڭ زۇ-
جاڭلىغىدىكى 13 - گۇرۇپپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ،
1946 - يىلىغا كەلگەندە 3 ۋىلايەتتىن كەلگەنلەرنى تەكشۈرۈپ
تۇتۇش ئۈچۈن ھەربى ۋە ساقچى تەرەپ بىرلەشكەن ھالدا
«جۇن جىڭ شۇنچادۇي» دېگەن بىر ئىشپىيونلۇق ئەترىدى تەشكىل
قىلىنغان ئىدى. بۇ ئەترەتكە ئىشپىيون باشلىغى سۇۋىڭ خەنجاڭ بىلەن
ليۇچىڭشۈي، ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى گوبېي تەنلەر
مەسئۇل ئىدى. بۇلار ئەسكى ئىشلارنى كۆپ قىلغان، كۆچار
خەلقى ئالدىدا قاتمۇ - قات قان قەرزگە بوغۇلغان كىشىلەر بولۇپ،
ئاخىرىغىچە جاھىللىق قىلىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ

شىنجاڭنى تىنچ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا، گومىنداڭ خادىملىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا چىش-تىرنىقىغىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. كۇچاردىكى قوراللىق بۇلاڭ-تالاڭنى ئەنە شۇ سۇڭ، گولارنى يادرو قىلغان بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ھەربىلەر پەيدا قىلغان ئىدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى 1949-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ كۇچاردىكى ھەربىلەرنىڭ مۇئاش تەمىناتىنى بېرەلمىدى. ئو-فىتسېر ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئايرىم ئۆكتەملەر ساي كۆۋرۈ-كى ۋە رەستىدىكى قىمار تاۋكالىرىدىن قاقتى-سوقتى قىلىپ ئانچە-مۇنچە پۇل كۆرگەندىن باشقا، قالغان ئەسكەرلەر مۇئاش-تەمىناتقا ئېرىشەلمەي 6-7 ئايغىچە پۇل كۆرمىگەچكە، مەسئۇل دائىرىلەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلايدۇ ۋە تاۋۇز چاغىنى كۈنلىرىمۇ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن چاغانىنى ئوب-دانراق ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مۇئاش تەمىناتى بېرىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ تەلەپ ۋە نارازىلىقلار بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.

ۋەلماتۇۋەننىڭ تۇەنجاڭى گاۋ چاۋدۇڭ، ئاتلىق پولك تۇەنجاڭى ليۇ چىڭشۇيلەرنىڭ بېشى قېتىپ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا 9-ئاينىڭ ئاخىرى ئاقسۇنىڭ قورچاق ۋالىسى سېيىت ئەخمەت خوجا كۇچار قىغدۆڭدىكى ئائىلىسىگە دەم ئېلىشقا كېلىدۇ. گاۋچاۋدۇڭ، ليۇ چىڭشۇيلەر ئۇنى يوقلاپ بېرىپ گەپ ئارىلىقىدا: 6-7 ئايدىن بېرى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ مۇئاش تەمىناتى بېرىلمىگەنلىكى، ئەسكەرلەر پۇلدىن قىسىلىپ، پەيلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلاپ كېتى-ۋاتقانلىقى، تاۋۇز چاغىنى ئۆتكۈزۈۋالغىدەك پۇل بېرىشنى

تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئامال قىلالماي بېشى قېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەھۋال ئېيتىدۇ.

سىيىت ئەخمەت خوجا كۇچار، تۇقسۇ، شايارلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئادەم ئەۋەتىپ، «ئەسكەرلەردىن ھال سوراش سوغىتى» يىغدۇرۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. سىيىت ئەخمەت خوجىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن كۇچار ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى «ھال سوراش سوغىتى» يىغىشقا كىرىشىپ 9-ئاينىڭ 30-كۈنى 2100 سەر كۈمۈش تەڭگە، 200 تۇياق قوي، 20 ھارۋىدىن ئارتۇق قوغۇن-تاۋۇز، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق مېۋە، يېمەك-ئىچمەكلەرنى ۋەنماتۇەن بىلەن ئاتلىق پولكقا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

بىراق، بۇ سوغات ۋە پۇللارنىڭ ئىككى پولك ئەسكەرنىڭ ھەر بىرسىنىڭ قوللىرىغا يېتىپ بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىشى، بولۇپمۇ ئەسكەرلەرنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتەلىشى ناتايىن ئىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ، كۇچار خەلقى ئارىسىغا «ھەربىلەر كۇچارنى بۇلىغىدەك» دىگەن مىش-مىش گەپ تارقىلىپ كوچىلاردا سۆز-چۆچەك بولۇشقا باشلايدۇ. تېچ ئاھالىلار خاتىرجەمسىزلىنىپ ۋەھىمە قىلىشىدۇ.

10-ئاينىڭ 4-كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتى بولۇپ، ھېيت نامىزى ئوقۇلۇشنىڭ ئالدىدا سىيىت ئەخمەت خوجا كۇچار خانىقاسىغا يىغىلغان جامائەتلەرگە ۋەزىخانلىق قىلىپ: «... ئەسكەرلەر خەلقنى بۇلايدىكەن دىگەن گەپ يالغان!»، «ئۇسەك سۆزلەرگە ئىشەنمەڭلار!» «خاتىرجەم ھېيت ئۆتكۈزۈڭلار، قورقماڭلار!...»، دىگەندەك تەشۋىقاتلارنى قىلىدۇ.

ئۇ ئەسلى كۆچارلىق، ئۆيى قىغدۆڭدە بولۇپ، كۆچار مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىسى ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتە خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ۋالى قىلغان. كۆچار خەلقى سېيىت ئەخمەتنىڭ ھېيت نامىزىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئەندىشىلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشىدۇ ۋە خاتىرجەم ھېيت ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. سېيىت ئەخمەت خوجا ھېيت نامىزىدىن كېيىن قورچاق ناھىيىلىك ساقچىنىڭ باشلىقى ئابلىمىتخانغا، ھېيت جەريانىدا خەلقتىن يەنە سوغات يىغىپ تاۋۇز چاغىنىغا ئۈلگۈرتۈپ چى بىكتۈەن بىلەن ۋەئىماتۈەنگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرىدۇ. توقسۇ بىلەن شايارغا ئادەم ئەۋەتىپ، يىغىلغان «سوغات» لارنى تېز ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلايدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى (قۇربان ھېيتىنىڭ 3 ـ كۈنى) توقسۇ خەلقىدىن يىغىلغان 500 سەر كۈمۈش تەڭگە، شايار خەلقىدىن يىغىلغان 600 سەر كۈمۈش تەڭگە سوغاتلار كۆچارغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنى ئابلىمىتخان كۆچار خەلقىدىن ئىككىنچى قېتىم يىققان 100 سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن قوشۇپ ئاتلىق پولكىنىڭ شتابىغا ئېلىپ بارغىچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا، ھەربىلەرنىڭ تېچ ئاھالىنى قوراللىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى باشلىنىپ كېتىدۇ.

× × ×

«جۇن جېڭ شۈنچادۇي» نىڭ باشلىقى، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى سۇڭ خەنجاڭ ۋە گو بىيې تەنلەر «25 ـ سېنتەبىر ھەقىقەتكە قايتىش خىتاپنامىسى» غا قارشى جاھىللار ئىدى.

ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ مۇئاش تەمىناتىغا ئېرىشەلمەي كۆچمىۋات-
قان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكەرلەرنى قايمۇقتۇرۇپ.
نىشانىنى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈستىدىن خەلق ئۈستىگە
بۇراپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، شۇ قېتىم كوچاردا يۈز
بەرگەن قوراللىق بۇلاڭچىلىقنى ئويۇشتۇردى.

گو بيې تەن، ئاتلىق پولكتىكى ليۇيەنجاڭ (ئۆزىنىڭ بىر
يۇرتلىقى) نى هاراق بىلەن مېهمان قىلىپ، سۇڭ خەنجاڭ
بىلەن ئىككىسى ئۇنىڭغا: «نەچچە ئايدىن بېرى بىر تىيىن
مۇئاش يوق، زېرىكىپ ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىزمۇ
سىلەرگە ئوخشاشلا قىينىلىۋاتىمىز، كوچاردا بايلار كۆپ.
ئۇلاردا پۇل جىق، مەجىت هاجى دىگەن چوڭ باي، ئۇنىڭدا
پۇل شۇنداق كۆپ تۇرۇقلۇق سوغات يەققاندا ئەسكەرلەرنىڭ
تاۋۇز چاغىنىغا 5 تاۋۇز بېرىسمەن دەپ بىزنى مەسخىرە
قىپتۇ... مۇشۇمۇ گەپمۇ؟» دەپ قايىنىغان ۋە ليۇ بەنجاڭغا
يول كۆرسىتىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن چىقىپ بۇلاڭچىلىق
قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. ليۇ شۇ يەردىلا: «خەپ ئاناڭنى! مەسخىرە
قىلىشنى كۆرسەتمىسەم!» دەپ چىقىپ بىر بەن ئەسكىرىنى
قوراللاندۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا تەييارلىنىدۇ.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋەنماتۇمىنىڭ
7 - 8 ئەسكىرى كوچار رەستىسىگە كېلىپ ئۇيغۇر ئويۇشمىسى
ئالدىدا ياڭاق ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ ۋە قىمار ئويناۋاتقان
كىشىلەرنىڭ پۇللىرىنى بۇلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماجىرا چىقى-
دۇ. ئەسكەرلەر ئۇلارغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتىدۇ.
ئالا - توپىلاڭ ۋە قاچ - قاچ بولىدۇ.

سۇڭ خەنجاڭ، گو بيې تەنلەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ
دەرهال «جۇن جېلىڭ شۇنچادۇي» نىڭ ئۆگزىسىگە پىلىموت قۇرۇپ

4 تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئېتىپ خەلققە ھەيۋە قىلىدۇ. بۇ ئىككى دېسكا ئوقنىڭ ئېتىلىشى پەيتلى بۇزۇلغان ئەس-كەرلەرگە سىگنال بولىدۇ-دە، ليۇ بەنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى، شۇنىڭدەك باشقا قىسىملارنىڭ بەن، پەي ۋە ليەنلىرىمۇ قوراللىنىپ ئۆز ئالدىغا بازار تەرەپكە جۇقان - سۈرەن بىلەن چىقىشىدۇ.

ئاتلىق پولىك تۇەنجاڭى ليۇچىڭشۈي (50 ياشلاردىكى ئادەم) گازارما دەرۋازىسى ئالدىدا ئەسكەرلەرنى توسۇۋېلىپ: «قايتىڭلار، ئەگەر بۇلاڭچىلىققا بارىدىغان بولساڭلار، ئالدى بىلەن مېنى ئېتىۋېتىپ ئاندىن بېرىڭلار!» دەپ ۋاقىرايدۇ. قوراللىق بۇلاڭچىلار ئۇنى تۇتۇپ، سۆرەپ ئاپىرىپ يىڭفاڭ ھاجەتخانىسىغا سولاپ قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغىلى كېتىشىدۇ.

ئاتلىق پولكنىڭ ۋە ۋەنماتۇەننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىدەك چۇۋۇلۇپ چىقىپ كوچارنىڭ بازار - كوچى-لىرىغا يېيىلىپلا كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا شەھەردىكى ماشىنا يىغىنىڭ 100 دىن ئارتۇق قوراللىق ئەسكەرلىرى 20 دەك ماشىنا بىلەن كېلىپ بۇلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ بۇلاڭ-چىلىققا كىرىشىدۇ. كوچا - كوچىلارنى ۋە قورۇلارنى پاك - پۇك، ۋاي ئاللا، ۋاي جان!... دېگەن ئاۋازلار قاپلاپ كېتىدۇ.

سۇڭ خەنجاڭ جۇنجېڭ شۇنچاۋۇيىنىڭ دۇيجاڭى بولسىمۇ، لېكىن پۇقراچە كىيىنىپ ئۆزىنى مەخپى تۇتۇپ يۈرىدىغان ئىشپىيون ئىدى. ئۇ 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بۇلاڭ-چىلىق باشلىنىش بىلەن بىرىنچى قېتىم ھەربى كىيىملىرىنى كىيىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسكەرلەرنى مەشھۇر چوڭ بايلار-

نىڭ ئۆيلىرىگە، دۇكانلىرىغا باشلاپ بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ، ئوت قويدۇرىدۇ.

بۇلاڭچىلىق بازاردىكى رەستە، كۆكچى مەھەللىسى، دېڭىز بازىرى، ساقساق قاتارلىق كوچىلاردا بولۇپلا قالماي، داخانىلار، مەرەكلە، قارىبۇقا، خانلىق ئېرىق، ئۇچا، پەللاڭ، ئەمەشقىلا، قاغىچى، بەجاق، چارباغ، شاماللباغ، چەمەنباغ، بەيەشبباغ، قۇتلۇق، ئوردا قاتارلىق بازارغا يېقىن مەھەللىلەردىمۇ ئېغىر ھالدا يۈز بەردى. بۇلاڭچىلار ئالدى بىلەن مەجىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ: «ئاناڭنى. مەسخىرە قىلىشنى ئەمدى كۆر!» دەپ ئۇنىڭ ئۆيى ۋە گەزمال دۇكىنىنى بۇلاپ تالىغان، ئاندىن ئوت قويۇۋېتىپ چىقىپ كېتىشكەن. ئۇلار يەنە:

«باينى تېپىپ بەر!»، «ئالتۇن - كۈمۈشۈڭ نەدە؟» دەپ تۇتۇپ باغلاپ، ئۇرۇپ، قىزىتىلغان ياغ چېچىپ قىيناپ، ئېتىپ، چېپىپ ۋە سىداۋ تىققىشتەك ئۇسۇللار بىلەن تاش ماتۇت ھاجىنىڭ 15 ياشلىق ئوغلى ئابدىرېھىمھاجى، سادىق ئىمامىنىڭ 20 ياشلىق ئوغلى توختاخۇن ئەمەت داموللا، سائەتچى زىياۋدۇن قارى، مەجىت مەھمۇت قاتارلىق 43 نەپەر كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆگە دەندە ئۆلتۈرۈلگەن 18 نەپەر چوڭ - كىچىك بىر ئائىلىلىك خويزۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بەكمۇ قەبىھ پاجىئەلىك بولغان. مۇشۇ بىر ئۆيدىنلا جەمى 18 جاننى چوڭ - كىچىك دېمەي باغلاپ، قاتار سەپكە تۇرغۇزۇپ بىراقلا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

جاڭ جىڭخۇانىڭ ئۆيىنى بۇلىغان چاغدا كىملەرنى بەرەيمەن دەپ ئېسىلمۇالغان ئاياللىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

قورچاق شىيەنجاڭ دىڭ لىنەنىڭ ئۆيىگە بۇلاڭچىلىققا

كىرگەن ئەسكەرلەر ئۆينىڭ ئۆي - بىساتلىرىنى بۇلىغاندىن
تاشقىرى، 14 ياشلىق قىزنى باسقۇنچىلىق قىلغان.

شۇ قېتىمقى بۇلاڭ - تالاڭدا باغلانغان، ئۇرۇپ قىيناپ زەخىملەندۈرۈلگەن، ئېغىر ۋە يېنىك يارىدار قىلىنغانلار 199 نەپەر. يەنە بىر مۇنچە ئادەملەرنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ سۆرەپ بەدىنىدىكى گۆشلىرىنى ئۈزۈۋېلىپ ئازابلىغان، كالتەكلەپ پۇت - قوللىرىنى چېقىۋەتكەن، قۇلاق ۋە كۆز - بۇرۇن- لىرىنى مېيىپ قىلىۋەتكەن.

شۇ قېتىم كۇچار بازىرىدا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ كۆيدۈرۈلگەن دۇكان ۋە ئۆيلەر 100 دىن ئارتۇق بولۇپ، نۇرغۇن ئائىلە كىشىلىرى ئۆي - بىساتسىز قېلىپ خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ قېتىم بۇلانغان، كۆيدۈرۈلگەن ماللارنىڭ قىممىتى 400 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئېشىپ كەتكەن.

×

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاتلىق پولكنىڭ تۇەنجاڭى ليۇ چىڭشۇي قاماقتىن بوشىنىپ چىقىپ بىر پەي قوراللىق ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ بازاردا بۇلاڭچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەردىن ئۇچرىغىنىنى ئېتىپ تاشلاپ بۇلاڭچىلىقنى توستى. ساي كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا 3 نەپەر بۇلاڭچى ئەسكەرنى ئېتىۋەتتى. بۇلارنىڭ بىرى ليۇ چىڭشۇينىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكىرى لى فۇگۇەن ئىكەن.

11 - ئايدا گارنىزون باش قوماندانى تاۋسىيۇي كوماندانلىق

ھەربىي دائىرىلەرگە ۋاكالىتەن كۆچار خەلقىدىن ھال سوراپ، زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 100 سەر ئالتۇن، 50 ئات، رەخت، چاي قاتارلىق ماللارنى ئەۋەتتى. ساقچى ئىدارە باشلىقى ئابلىمىتخان قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە 2 سەردىن ئالتۇن، ئېغىر يارىدار بولغانلارغا بىردىن ئات، يېنىك يارىلانغانلارغا رەخت ۋە چاي قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى بېرىپ ھال سورىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاتلىق پولكنىڭ تۇەنجاڭى ليۇ چىڭشۇي ئاقسۇغا يۆتكەلگەن پولك ئەسكەرلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ قايتۇرۇۋېلىنغان ماللاردىن ھەم ئەسكەرلەرنىڭ پېيىما، جۇۋىلىرىدىن 2 ماشىنا ئەپكېلىپ قۇتقۇزۇش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تاپشۇردى. بۇ نەرسىلەرمۇ بۇلاڭ - تالاڭدا كىيىم - كېچەكسىز قالغانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

بۇلاڭ - تالاڭدا زىيانغا ئۇچرىغان كۆچار خەلقى پەقەت گۆكچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا قەددىنى كۆتىرەلىدى. بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلغان سۇڭ خەنجاڭ ۋە گوبيىپ تەنلەرگە ئالىي جازا ھۆكۈم قىلىپ باستۇرغاندىلا خەلقنىڭ دەردى چىقىپ قوشۇمىسى ئېچىلدى!

رەتلىگۈچى: زاكىر نىياز

# خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدا ئەسلىمە

ھەمدۇللا قۇربانوۋ

1890 - يىللاردا قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ چارۋىلىرىنى باقىدىغان 200 ئائىلىلىك موڭغۇل چارۋىچى قۇللار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئوداللىق قۇللۇق تۈزۈمىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەر- دى. ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشىگە شەرقىي تاغ ئارا تۇرۇك دىگەن يەردىن ئېردىن لامانى، غەربىي تاغ تاراتۇ - شارلا تېغى ئىلانبۇلاق دىگەن يەردىن كۆك لامانى (موڭغۇللارنىڭ دىنى زاتلىرى) «ۋاڭغا قارشى تۇردى» دىگەن نام بىلەن زىندانغا تاشلاپ قويۇپ بەرمىگەنلىگى، شۇنىڭدەك قۇللار ئۇستىدىكى مال، يۇك. ئاش تۆلەكلىرىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئېغىرلاشقانلىقى، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە تۇرلۇك ئالۋاڭ - سېلىقلارنىڭ كۆپەيگەنلىگى سەۋەپ بولغان ئىدى. ۋاڭ ئوردىسى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۇچۇن تاققا ئەسكەر ئەۋەتكەن. ئوقيا، سالغا، تاش، تاش ئاغامچا قاتارلىق ئاددى قوراللار بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچى موڭغۇل چارۋىچى قۇللار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى غەربىي تاغدا تۇرۇشلۇق سەكسەندەك ئائىلە تاشقى موڭغۇلىيەگە، شەرقىي تاغدا تۇرۇشلۇق يۈزدەك ئائىلە گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپلەرگە قېچىپ چىقىپ كەتتى. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسى موڭغۇللارغا ھىسداشلىق

قىلغان ئۇيغۇر، قازاق چارۋىچىلاردىن بىرمۇنچە كىشىنى قولغا ئېلىپ بەزىلىرىنى قۇمۇل شەھىرىدە جادۇدا ئوغراپ ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى زىندانغا تاشلىدى، قالغانلىرىنى قول ياكى يېرىم قولغا ئايلاندۇردى. تاراتۇ تېغىدا دېخانچىلىق قىلىدىغان دېخان بەھرەم ئىمىننىياز بىلەن قىزىل پوتا سىيىتلار ۋاڭنىڭ بەش يۈزدىن تۈمۈر قويى، ئايقىز مەمەتنىياز سەككىز يۈزدىن تۈمۈر يىلقىسىنى باقىدىغان قۇللىرىغا ئايلانغان ئىدى، خوجىنىياز ھاجى ئەنە شۇ 3 ئەۋلات قۇللۇقتا ئۆتكەن قۇللار دورغىسى ئىمىننىيازنىڭ تۇنجى ئوغلى بولىدۇ.

خوجىنىياز كىچىكىدىن تارتىپلا ھوشيار ھەم يۈرەكلىك چوڭ بولىدۇ. ئۇنى دادىسى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەمەتنىيازنىڭ تىڭ ياشلىق ئوغلى قۇربان بىلەن بىرلىكتە يەتتە يېشىدىن 17 يېشىغىچە. قۇمۇل شەھەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇتۇپ خەت ساۋادىنى چىقىرىدۇ.

شۇ مەزگىللەردە قۇمۇل ۋاڭنىڭ نەۋرىسى بېشىر شاھزادىمۇ مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوجىنىياز بىلەن بېشىر شاھزادە ئوتتۇرىسىدا ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت بار ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا ۋاڭنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بارلىق قۇللارنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا توشقاندا قۇللۇق تىزىمىغا ئېلىناتتى. ئىمىننىياز، مەمەتنىيازلار ئۆز ئوغۇللىرىنى قۇللۇقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 17 يېشىدىلا ئۆز مەھەللىسىدىكى سۆيۈر دىگەن قۇلنىڭ چوڭ قىزىنى مەمەتنىيازنىڭ ئوغلى قۇربانغا، كىچىك قىزىنى ئىمىننىيازنىڭ ئوغلى خوجىنىيازغا توي قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتقۇزۇپ ئايرىپ قويغان. شۇ ئۇسۇل

بىلەن: «بالام ئايرىلىپ چىقىپ كەتتىكەن» دەپ بالىنى قول بولۇشتىن ساقلاپ قالغان ئىدى.

1907 - يىللىرى بولسا كېرەك، 2 - ئايدا ئىمىننىيازنىڭ ئائىلىسىگە نۆۋەت بويىچە شىڭشىڭشىياغا ئوتتۇن - سامان ئېلىپ بېرىش ئالۋىنى چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئىچكىرىدىن ئەسكەرلەر ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغاچقا، مۇنداق ئالۋاڭلار كۆپىلەپ بولۇپ تۇراتتى.

ئىمىننىياز 5 ئىشەككە ئوتتۇن ئارتىپ ئوغلى خوجىنىيازنى شىڭشىڭشىياغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا 20 كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلاپ بېرىدۇ، يولدا لازىم بولار دەپ بىر سەر تەڭگە بېرىپ، ئۆز مەھەللىسىدىن شىڭشىڭشىياغا ئوتتۇن - سامان ئېلىپ بارىدىغان توخسۇن دېگەن بىر ئادەمگە قوشۇپ يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئوردا بېگى ئىسھاق باشچىلىقىدا 250 كىلومېتىر يولنى 7 كۈندە بېسىپ، ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى شىڭشىڭشىيادىكى جازىغا تاپشۇرۇپ قايتىدۇ. يولدا كېلىۋاتقاندا، چۆلدە 3 كېچە - كۈندۈز قاتتىق جۇدۇن بولۇپ، بوران چىقىپ قار ياغىدۇ. ئادەم ۋە ئۇلاغلار چۆلدە ئادىشىپ قېلىپ، 50 كە يېقىن ئات، ئىشەك ۋە بىر مۇنچە ئادەم توڭلاپ ئۆلىدۇ. شۇ قاتتىق جۇدۇندا گەنسۇ تەرەپتىن بەش هارۋىدا كېلىۋاتقان 15 ئەسكەر ۋە هارۋىكەشلەر بىلەن 20 گە يېقىن ئادەممۇ توڭلاپ ئۆلىدۇ. ئىسھاق بۇ يولدا كۆپ يۈرگەن تەجرىبىلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، توخسۇن ۋە خوجىنىياز بىلەن مەھكەم گىرەلىشىپ مېڭىپ، ئۆلۈم خەۋپىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

بوران توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇلار يول تېپىپ، ئاچچىق سۇ چازىسىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. چازىدىن ئادەم بېرىپ ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ، ھارۋا، تاغار، ئارقان قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇ ئارىلىقتا شىنگشىڭشيادىن «توڭلاپ ئۆلگەن ئەسكەرلەردە 50 سەر تەڭگە، 2 جىڭ ئەپيۇن بار ئىدى، شۇلارنى تېپىۋېلىڭلار» دېگەن خەۋەر كېلىدۇ. خەۋەرگە بىنائەن چازىدىن ئادەم كېلىپ، توڭلاپ ئۆلگەن ئەسكەر ۋە باشقىلارنى ئاختۇرۇپ كۆرسە، بىر ئاز قەغەز پۇل، ئازغىنە ئەپيۇن ۋە ئەپيۇن چېرىغى قاتارلىقلاردىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ.

ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئۆلمەي ساق قالغان ھېلىقى كىشىدىن گۇمانلىنىپ ئاختۇرىدۇ. خوجىنىيازنىڭ خۇرجىنىدىن بىر سەر كۈمۈش تەڭگە چىقىپ قالىدۇ (بۇ پۇلنى خوجىنىيازنىڭ ئاتىسى شىنگشىڭشياغا يۈرۈش ۋاقتىدا يولدا لازىم بولۇپ قالار دەپ بەرگەن ئىدى).

چازىدىكىلەرنىڭ خوجىنىيازغا گۇمانى تۇغۇلىدۇ. ئۇلار «50 سەر تەڭگە بىلەن ئەپيۇنلارنى سەن ئاپسەن، نەگە تىقىپ قويدۇڭ؟ تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭ سېنى قويۇپ بەرمەيمىز» - دەپ سوراق قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەيىبلەپ ئىسھاق بىلەن توختىسۇننى قويۇپ بېرىدۇ. ئىسھاق ئىككىسى يەتمەستىنلا يول ئۈستىدە ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

چازىدىكىلەر خوجىنىيازنى كېچىسى چازىنىڭ ئاتلىرىغا گۈزەتچىلىك قىلىدىغان، كۈندۈزى جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇيدىغان ئىشقا سالىدۇ. ئۇنىڭ يەيدىغىنى ئۈچۈن كۈنىگە ئاران بىر جىڭلا

ئۇن بېرىدۇ. خوجىنىياز ئۇنى كۆمەچ قىلىپ يەيدۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە قومۇللۇق سودىگەر خۇيزۇ ما چاڭ ھاجىنىڭ سودا ماللىرىنى لەنجۇغا ئېلىپ ماڭغان ھارۋىلار ئاچچىق سۇ چازىسىدا توختايدۇ، بۇلارمۇ ئاتلىرىنى خوجىنىيازغا باقتۇرىدۇ. كەچلىكى ھارۋىكەشلەر بىلەن چازىدىكىلەر پاراڭغا چۈشكەندە، ھارۋىكەشلەرنىڭ: «قورايدىكى تاغچىلار ۋاڭغا قارشى چىقتى، ئۇلار ھازىر تاغدا ۋە شەھەردە ۋاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى خوجىنىيازمۇ ئاڭلاپ قالىدۇ.

خوجىنىياز شۇ كېچىسىلا بىر ھارۋىكەشنىڭ ھارۋىدىكى جۇگەسىنى، خۇرجىنىدىكى نانلىرىنى ئېلىپ چازىنىڭ بىر دانە ياخشى ئېتىغا مىنىپ قاچىدۇ. ئۇ، ئۆز يۇرتىغا قايتماستىن، 3 كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ «خوتۇنتام» دېگەن قىشلاق ئارقىلىق قورايغا بارىدۇ.

بۇ يەردە ئىسمائىل تورپاق، ياقۇپ تورپاقلار رەھبەرلىكىدە 300 دەك تاغ خەلقى ۋاڭنىڭ قوللۇق تۈزۈمىگە، تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەن خوجىنىياز ئۆزىنى تېزىمغا ئالدۇرۇپ قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ.

ياش، زېرەك، قورقماس كەلگەن خوجىنىياز بىر قانچە قېتىملىق سوقۇشلاردا ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمائىل تورپاق ئۇنى ئۆزىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىۋالىدۇ. (تۆمۈر خەلپە مۇشۇ قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خوجىنىياز بىلەن تۆمۈر خەلپە شۇ يەردە تونۇشىدۇ).

قومۇل ۋاڭى ۋە ھەربىي دائىرىلەر ھەر خىل ئالدامچىلىق

ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن خوجىنىياز يەككە-يىگانە هالدا ئاتلىق ئۆز يۇرتى «تاراتۇ» غا قېچىپ كېلىپ ساۋاقدىشى ھەم باجىسى قۇرباننى تاپىدۇ. قۇربان ئۇنى يىلقا قىشلىغى «دەركۆكتە» دېگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ. بۇ قىش ۋاقتى بولۇپ، قۇربان يىلقىلارنى بىر ئايدا ئۈچ قېتىم يوخلاپ كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خوجىنىيازغا ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز ئۆزى يالغۇز تاغ ئىچىدە يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئەھۋالنى قۇربان بىلەن خوجىنىيازنىڭ ئاتىسى ۋە ئاپىسىلا بىلىدۇ.

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ : «خوجىنىيازنى تېپىپ بېرىسەن» دەپ خوجىنىيازنىڭ دادىسى ئىمىنىيازنى زىندانغا سېلىپ قىيىن-قىستاققا ئالىدۇ. شۇنىڭداقىلا خوجىنىيازنى تۇتۇش ھەققىدە پۈتۈن قۇمۇل خايونغا ئېلان چىقىرىدۇ. ئېلاندا مۇنۇلار تەرىپلەنگەن ئىدى:

«خوجىنىياز شارلا تېغى-تاراتۇ تېغىدىن ئىمىنىياز قۇلنىڭ ئوغلى. ئۇ شىكشىكشىيا يولى ئاچچىق سۇ چازىسىدىن ھۆكۈمەتنىڭ 50 سەر تەڭگىسى بىلەن 2 جىڭ ئەپيۇننى، چازىنىڭ ئىگەر توقۇملۇق بىردانە ئات ۋە جۇگىلىرىنى ئېلىپ قاچقان چوڭ ئوغرى، قوراي تاغلىرىدىن چىققان تورپاقلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇھىم ئادىمى».

«خوجىنىياز 20 ياش، بويى پاكار، يۈزى دومىلاق، كۆزى دۈگىلەك. قويۇق قاراقاش ئادەم».

«خوجىنىيازنى ئېنىق كۆردۈم-دەپ خەۋەر قىلغان كىشىگە 3 يامبۇ ياكى 3 ئات، تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە 12

دانە يامبۇ ياكى 12 ياخشى ئات مۇكاپات بېرىلىدۇ.» (ئۇ چاغلاردا بىر يامبۇغا بىر ياخشى ئات، 2 ياشلىق قويدىن 40 دانىنى سېتىپ ئالغىلى بولاتتى).

بۇ ئېلان قۇمۇل يەرلىرىنىڭ ھەممىلا جايىغا تارقىلىدۇ. ئېلاننى كۆرگەن، ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر ئېلاندا ۋەدە قىلىنغان يامبۇ، ئاتلارغا قىزىقىپ، خوجىنىيازنى تۇتۇپ بېرىش كويىغا چۈشىدۇ. گۇمان قىلىنغان تاغلارغا ئوۋ قىلىمەن دېگەن بانا بىلەن بېرىپ ئىزدەيدۇ، سۈرۈشتە قىلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا خوجىنىيازنى ساقلاشقا ئامالسىز قالغان قۇربان خوجىنىيازنىڭ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، خوجىنىيازنىڭ ئانىسى «تۇرپاندىكى تۇيۇق غوجام مازىرىغا زىيارەتكە بارىمەن» دېگەن نام بىلەن خوجىنىيازنى سەھرا قويلۇق تاغلىرى ئارقىلىق تۇرپانغا ئېلىپ كېتىدۇ. تۇرپانغا كەلگەندە خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئۆزلىرىنى «بىز توخسۇندىن كەلدۇق، توخسۇندىكى نىياز شاگزۇگنىڭ تۇققىنى بولىمىز، تۇيۇق غوجامنى زىيارەت قىلىمىز» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. خوجىنىيازنى ئاستانىدىكى مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى قۇمۇلغا قايتىپ كېتىدۇ.

خوجىنىياز مەدرىسىدە مەخسۇت ۋە مامۇتلار ھەم باشقا تالىپلار بىلەن تونۇشۇپ، توخسۇنلۇق «ئىسھاق» دېگەن نام بىلەن بىر يىل ئوقۇيدۇ.

قۇمۇلدىن خوجىنىيازنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان ۋاڭ ئېلاننىڭ نۇسخىسىنى لۈكچۈن ۋاڭىغا، ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە يوللاپ خوجىنىيازنى تۇتۇپ بېرىشكە ھاۋالە قىلىدۇ. بۇ ئېلان لۈكچۈن، تۇرپان، ئاستانە، توخسۇن، ئۈرۈمچىلەردە چاكالانغاندىن كېيىن، ئاستانىدىكى بەزى كىشىلەر مەدرىستە

ئوقۇۋاتقان «توخسۇنلۇق ئىسھاق» دېگەن تالىپتىن گۇمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇنمۇ خەۋپلىك بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ھەرەمگە بېرىشقا تەييارلىق قىلىپ، شۇ بانادا ئوغلى خوجىنىيازنى ھەرەمگە ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ ئايال قۇمۇلدىن تۇرپانغا كېلىپ توخسۇننىڭ «ئىلانلىق» دېگەن يېرىدىن ھوشۇر مەڭلىك دېگەن كىشىنىڭ ھەرەمگە ماڭماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خوجىنىيازنى ئېلىپ توخسۇنغا بارىدۇ، بۇ يەردە ھوشۇر مەڭلىك ۋە باشقا ھاجىلارغا سەپەرداش بولۇپ ھارۋا بىلەن قەشقەرگە بارىدۇ. قەشقەردە ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، توپلانغان ھاجىلار تاشقورغان ئارقىلىق يولغا چىقماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئوغلى خوجىنىيازغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەرەمگە بارمايمەن. بىللە باراي دېسەم پۇلىمىز ئىككى كىشىگە يەتمەيدۇ، سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى سەن كېتىشىڭ كېرەك. چۈنكى بېشىڭدا ئۆلۈم خەۋپى بار. ھەج تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلمەستىن، شۇ يەردە ئىشلەپ جېنىڭنى بېقىپ تۇر. بىر — ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈپ يۇرت تىنجىغاندا مەن ئۆزەم بېرىپ ئاندىن سېنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغىچە يەنە ھازىرقى ئاتىڭىڭ بىلەن يۈرگىن» دەپ تاپشۇرىدۇ.

باشقىلارغا بولسا: «ئوغلۇم ئىسھاق سىلەر بىلەن كېتىدۇ. ئىككىمىز بارايلى دېسەك پۇلىمىز يەتمەيدىكەن. شۇڭا مەن قايتىپ كېتىمەن. ئوغلۇم ماڭا قىلىدىغان خىزمەتنى سىلەرگە

قىلسۇن» دەپ ھوشۇر مەكىلىككە تاپشۇرىدۇ.

خوجىنياز ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولىدۇ، قايتىش ئالدىدا «پۇلۇم يەتمەيدۇ» دەپ، ئانىسىنىڭ تاپشۇرىقى بويىچە قايتمايدۇ. ئۇ يەردىكى مەدىكار بازىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەشقەردىن بېرىپ ئۇزۇن ۋاقىت شۇ يەردە توختاپ يەرلىك بولۇپ قالغان ياقۇپ ھاجى ئىسىملىك كىشىنىڭ خورمىلىق بېغىدا 3 يىل يالىنىپ ئىشلەيدۇ.

4 - يىلى شىنجاڭدىن يەنە ھاجىلار بارىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇمۇللۇق ھاجىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا تونۇشلۇق بەرمەستىن يۇرت ئەھۋاللىرىنى سوراپ ئۆزى توغرىسىدىكى ئېلانلارنىڭ بېسىقىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ياقۇپ ھاجى ۋە ئابدۇللا ياقۇپىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ شۇ يىلى قەشقەرلىك ھاجىلار بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپانلاردا ئاز ۋاقىت ئىشلەپ يۈرۈپ، ئۆز يۇرتى قۇمۇل تاراتىغا قايتىپ كەلسىمۇ، يەنىلا ئاشكارا بولالماستىن، باجىسى قۇربانىنىڭ ئۆيىدە ئات بېقىشقا ياردەملىشىپ سۇقۇنۇپ يۈرىدۇ.

شۇ يىللىرى تۆمۈر خەلپە ۋاڭنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە ۋە زۇلمىغا قارشى 400 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. خوجىنياز ھاجى بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىدۇ.

بۇ قوزغىلاڭ كېلىشىم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ۋە قۇمۇل ۋاڭى بىلەن قىلغان توختامغا بىنائەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. خوجىنياز ھاجى بولسا تاغدا قالىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە تۆمۈر خەلپىنى

نابۇت قىلىغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى تاغدىكى قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ قالدۇقلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋە-
تىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا! ئېغىر سوقۇشلار بولىدۇ. بۇ سوقۇشلار-
غا خوجىنىياز هاجى رەھبەرلىك قىلىدۇ. قورال-ياراق،
ئوق-دورا ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى
سەۋەبلىك ئاغىلقلار يېڭىلىدۇ. خوجىنىياز هاجى ئەسكەرلەرنى
تارقىتىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز باجىسى قۇربانىڭ يېنىغا قېچىپ
بارىدۇ. قۇربان ئۇنىڭغا: «هازىر ھەممىڭىزنىڭ بېشىدا ئۆ-
لۈم خەۋپى بار، شۇڭا مەن سېنى كۆرمىدىم، سەن مېنى كۆر-
مىدىڭ، ئەگەر باشقا كىشىلەر بىلىپ قالسا، بىزنىڭ بېشى-
مىزغا ئۆلۈم بىلەن زىندان تەييار، مەن ساڭا ئىككى ئات
بېرەي. نەگە بېرىپ بولسىمۇ جېنىڭنى ساقلا» - دەيدۇ. ئالدىن
مەسلىھەتلىشىپ ئاۋال باركۆل قازاق ئىچىگە، ئاندىن ئالتايغا،
ئېپى كېلىپ قالسا، تاشقى موڭغۇلىيىگە كەتمەكچى بولىدۇ. قۇربان
خوجىنىياز هاجىغا ھەمرا بولۇپ كېچىلەپ يۈرۈپ، قار-مۇز بىلەن
قاپلىنىپ تۇرىدىغان تيانشان تاغلىرىنىڭ قۇرلۇق داۋىنىدىن
ئۆتكۈزۈپ باركۆل تەۋەسىگە يولغا سېلىپ قويىدۇ.

خوجىنىياز هاجى داۋاملىق «ئىسھاق» دېگەن ئىسىم
بىلەن يۈرىدۇ. ئالتايدىن باركۆلگە كېلىپ قالغان قازاق
چارۋىچىلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئالتاينىڭ يەر ئەھۋالىنى ئە-
گەللەيدۇ، ئاندىن: «ئالتاينىڭ چىڭگىل دېگەن يېرىدە ئاكام
بار، شۇنى ئىزدەيمەن» دەپ ئالتايلىق «قامزا» دېگەن قا-
زاق يىگىتنى (بۇ يىگىت ئەسلىدە قۇمۇل، ئالتاي ئارىلىقىدا
قاتناپ يۈرگەن) ھەمرا قىلىپ ئالتاينىڭ چىڭگىل ناھىيىسىگە
بارىدۇ. بۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا «قامزا» ئۆزىنىڭ تۇتقۇن باي-
تىلىمنى تاشلاپ قويۇپ، خوجىنىيازنىڭ ئىككى ئېتىنى ئېلىپ تىك- 1

ۋېتىدۇ، خوجىنىياز ئامالسىز شۇ قىشلاقتىكى «ئالىپ» ئىسىملىك چارۋىدارنىڭ ئۆيىدە قوي باقىدۇ. ئالىپ بايغا ئۆزىنى: «مەن توخسۇنلۇق، ئېتىم ئىسھاق، ئالتايدا سۇلتان ئىسىملىك ئاكام بار. شۇنى ئىزدەپ كەلدىم» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. يىللىق ئىش ھەققىنى بىر دانە ئاتقا كېلىشىدۇ.

خوجىنىياز كۈندۈزى قوي بېقىپ، كەچقۇرۇنلىرى قايتقاندا ھەر كۈنى بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن ئالغاچ كېلىپ، ئالىپنى ۋە ئائىلە-سىدىكىلەرنى بەكمۇ رازى قىلىدۇ. بۇ يەردە بىر يىلچە تۇرىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەلىۋى بىلەن ياڭ زېڭشىن ھۆ-كۈمىتى خوجىنىيازنى تۇتۇش ئېلانىنى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تارقىتىدۇ. بۇ ئېلان ئالتاي شەھەر-قىشلاقلىرىغا كەلگەندە بەزى كىشىلەر ئالىپنىڭ قويچىسى ئىسھاقتىن گۇمان قىلىدۇ.

يەرلىك خەلقنىڭ: «قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى چىققان خوجى-نىياز دېگەن ساڭلا ئوخشايدىغان ئۇيغۇر ئىكەن» دېگەن گەپ-سۆزلىرى خوجىنىيازنى ۋەھىمىگە سالىدۇ.

بىر كۈنى كەچتە قويلارنى قوتانغا سولاپ تۇرغاندا 4 ئاتلىق قازاق يىگىتلىرى كېلىپ خوجىنىيازغا ئوبدان سىنچىلاپ قارايدۇ. يىگىتلەر شۇ كېچە ئالىپنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. كەچكى تاماقتىن كېيىن تاھارەتكە چىققان بولۇپ، قوي قوتىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆز ئارا: «بۇ ئۇيغۇر ئېلان قىلىنغان كىشىنىڭ دەل ئۆزىگە ئوخشايدىكەن. ئەتە ئۇنى باشلىقلار ئالدىغا ئېلىپ بارايلۇق. شۇ بولۇپ قالسا، مال، يامبۇلارنى ئالارمىز، بول-مىسا قالار» دېيىشىدۇ. خوجىنىياز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ خەۋپ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. بىر ئازدىن كې-يىن يىگىتلەر ئاتلىرىنى سىرتقا قويۇپ بېرىپ، ئۆيگە كىرىپ ئۇخلايدۇ. خوجىنىياز ھاجى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى-

نىڭ توكۇر بايتاللىنى تاشلاپ، باينىڭ ياخشى ئېتىدىن بىرنى ئىگەرلەپ مىنىپ تاغ ئارىلاپ قېچىپ 15 كۈن دېگەندە چۆچەك ناھىيىسىگە كېلىدۇ. مىنگەن ئېتى يولدا قاتتىق ماڭغانلىقتىن «قىزىل ماي» بولۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇقۇشۇپ كۆرسە بۇ يەردە خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىلىق گەپ - سۆزلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. خوجىنىياز ھاجى شۇ يەردىكى دىخانلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چۆچەكلىك مامۇت باي دېگەننىڭ قويلىرىنى بېقىشقا مالاي بولۇپ ياللىنىدۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا خوجىنىيازنىڭ سۆزى، يۈرۈش-تۇرۇشى، كىيىم - كېچەك جەھەتلىرى پۈتۈنلەي قازاقچە بولۇپ، ئانچە چېنىشمايدۇ. مامۇت بايغا ئۆزىنى «قامزا» نىڭ نامىدا تونۇشتۇرىدۇ.

مامۇت باي ئۇنى قويلىرىنى قىشلىتىدىغان بۆرىتالانىڭ «قىزىلتۇز» دېگەن يېرىگە ئەۋەتىپ يەنە بىر قازاق مالچىغا قوشۇپ قوي باقتۇرىدۇ. بۇلاردا ماللارنى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلاش ئۈچۈن باي بەرگەن بىر دانە مىلتىق بىلەن 100 تال ئوق بار ئىكەن. خوجىنىياز قوي بېقىپ يۈرۈپ شۇ مىلتىق بىلەن بورقاق ئاتىدۇ. گۆشىنى يەپ مۈڭگۈزىنى بايغا تاپشۇرىدۇ. شۇ يىلى مامۇت بايغا 3 دانە بورقاق مۈڭگۈزى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مامۇت باي خوجىنىيازدىن رازى بولۇپ، يەنە ئازراق ئوق ۋە پۇل بېرىدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چۆچەك تەرەپلەردىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ خوجىنىيازنى تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر كۆپىيىدۇ. قومۇل ۋاقى: «خوجىنىياز چۆچەك تەۋەسىدە بار ئىمىش» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى

تونۇيدىغان توخسۇندا تۇرۇشلۇق قىزمۇللۇق نىياز شاڭزۇڭغا ئادەم قوشۇپ خوجىنىيازنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن چۆچەككە ئەۋەتىدۇ، كېلىپ - كېتىۋاتقانلاردىن بۇ خە-ۋەرنى ئاڭلىغان خوجىنىياز، راس - يالغاننى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن قىشلاقتىن چۆچەك ناھىيىسىگە كېلىدۇ ۋە نىياز شاڭ-زۇڭنىڭ ھەقىقەتەن چۆچەككە كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا داۋاملىق تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى، ئۆلۈم خەۋپىنىڭ سوكدۇشۇپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بېشىغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرەي دەپ، سوۋېت يېرىگە كېتىش قارا-رىغا كېلىدۇ. ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ چېگرىدىن ئۆتۈپ يەركەت تەۋەسىدىكى بىر قىشلاققا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، سۆز ۋە كىيىنىش جەھەتتە ئۆز ئارا چېنىشمايتتى. خوجى-نىيازھاجى ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، ئۆزىنىڭ راستىنلا سوۋېت يېرىگە ئۆتكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلغان خوجىنىيازھاجى ئىسھاق دىگەن نام بىلەن يەركەتكە تۇققان كۆرۈش ئۈچۈن بارىمەن دەپ بىر قانچە كىشىلەر بىلەن يولغا چىقىدۇ. يەركەت شەھىرىگە بېرىپ ۋەلى باينىڭ سارىيىغا چۈشىدۇ، خوجىنىياز ھاجى يېنىدىكى بورقاق مۆڭگۈزىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا چىققاندا، بىر خېرىدار تۆرۈپ، خوجىنىياز ھاجىنى ۋەلى باينىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدۇ. ۋەلى باي بورقاق مۆڭگۈزىنى كۆرۈپ: «نەدىن ئېتىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. خوجىنىياز: «بۆرىتالادىن» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ۋەلى باي ئۇنىڭغا داۋاملىق بورقاق ئېتىشنى تاپشۇرۇپ بىر ياخشى ئات،

بىرتال بەش ئاتار مىلتىق، يېتەرلىك ئوق ۋە ئىككى تايغان ئىت بېرىدۇ ۋە: «ئات، مىلتىق، ئوق مەندىن بولسۇن، بورۇقىنى ئېتىپ كەل. پۇلىنى تۆلەيمەن، مۆڭگۈز ماڭا ھېساپ بولسۇن» — دەيدۇ. تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولغان خوجىنىياز ھاجى يەركەتتە 6 يىل ئوۋچىلىق قىلىپ، سوۋېت يېرى ۋە بۆرتالا قاتارلىق جايلاردا 10 دىن ئارتۇق بورقاق، 10 دىن ئارتۇق بۇغا مۆڭگۈزى ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قىممەتلىك تېرىلىرىنى ۋەلى بايغا تاپشۇرۇپ باينى ناھايىتى خوش قىلىدۇ.

1916 - يىلى رۇسىيە چار پادىشاسى ۋاقتى ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ھەر ئائىلىدىن 25 تىن تۆۋەن، 18 دىن يۇقۇرى ياشتىكىلەردىن ئەر - ئايال دېمەستىن بىردىن كىشى يەركەتنىڭ ئۆزىدە 6 ئاي ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىدۇ. ۋەلى باي خوجىنىيازنى ئۆز ئوغلى نامىدا بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. نامدا يەنە ئىمتاق بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ئەينى ۋاقىتتا بار بولغان چوك - كىچىك ھەربى قوراللارنى ئىشلىتىش، چۇۋۇپ- قۇراشتۇرۇش، نىشانغا ئېتىش ئىشلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ۋەلى بايلار غۇلجىغا قايتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا كېلىپ، ئىككىنچى يىلى ۋەلى باينىڭ رازىلىقى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە ۋاق تۇرۇش جەريانىدا قۇمۇل ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قۇمۇلغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئاۋال ئۈرۈمچىدىن تۇرپان، قاراغوجا، ئاستانىغا بېرىپ بۇرۇن بىللە

ئوقۇغان تالىپلاردىن مەخسۇت باي، مامۇتلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ بىر نەچچەيلەننىڭ بۇرۇندىنلا ئىدىيە بىرلىگى بولغاچقا ئۇلار خەلقنى ھەركەتلەندۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىدۇ، مەخسۇتبايلار تۇرپان لۇكچۇندە، خوجىنىياز بولسا قۇمۇلدا ۋاقىتلىقتا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە توختام قىلىشىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى بۇ يەردە قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ بىر قانچە ۋاقىت توختاپ قالىدۇ. شۇ ئارىلىقتا دادىسى ئىمىنىياز دورغىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىگىنى، ئۆزىنىڭ يېقىن سەپدىشى ھەم باجىسى قۇربان، دادىسىنىڭ ئورنىغا قۇللار دورغىسى بولغانلىغىنى ئاڭلاپ، 1927 ـ يىلى قۇمۇلغا قايتىدۇ. ئۆز يۇرتى تاراتۇدا يېرىم يوشۇرۇن، يېرىم ئاشكارا بولۇپ يۈرىدۇ.

ۋاڭلار ئادەت بويىچە ھەر يىلى تاغ باشلىقلىرىنى كېپىل قىلىپ ئىككى ئايلىق مۇددەت بىلەن ئىككىدىن ئۈچكىچە مىلتىق تارقىتىپ، قىشتا بۆرە، تۈلكە، يىلۋىز قاتارلىق موي ھايۋانلىرىنى، ياز ئايلىرىدا بۇغا، بۇرقاقلارنى ئېتىپ تاپشۇرۇشنى ئالۋاڭ قىلاتتى. بۇ قېتىمقى ئۇۋچىلىقتىن ئالۋاڭ تاپشۇرۇش ئىشىغا خوجىنىياز ھاجىمۇ قاتنىشىدۇ.

بەلگىلىمىدە بىر مىلتىقتا بىردىن بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇرۇش دەپ كۆرسىتىلەتتى. ۋاڭنىڭ كۆز قارىشىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇۋچىلار مەسلىھەتلىشىپ 2 مىلتىقتا 6 بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇرىدۇ. بىشىر ۋاڭ تارىختىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ سورىغاندا، مۈڭگۈزنى تاپشۇرۇشقا بارغانلار: «بىزنىڭ تاراتۇ تېغىدىن شۇنداق بىر پالۋان

چىقتى، كۆزى كۆرگەننى ئېتىپ يىقىتىدۇ، ئاتقان ئوقتىن بىر
تالىنىمۇ زايا قىلمايدۇ. بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ توققۇز تال
ئوقتا توققۇز تاغ تېكىسىنى ئېتىپ يىقىتىدۇ، ھەتتا ئۇچۇپ
كېتىپ بارغان قۇشلارنىمۇ ئېتىپ چۈشۈرىدۇ. بىز ئېلىپ كەل-
گەن بۇغا مۈڭگۈزلىرىنىمۇ شۇ پالۋان ئاتقان» دەپ جاۋاپ
بېرىدۇ، بېشىر ۋاڭ بۇ پالۋاننىڭ كىملىگىنى سورىغاندا، كەل-
گۈچىلەر :«ھەزرەتلىرى بىلەن خانلىق مەدرىسىدە بىللە ئوقىغان
كىشى ئىمىش، بىز ئۇ يەردە ئۇنى پالۋان دەپلا ئاتايمىز»
دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

بېشىر ۋاڭ كەلگەنلەردىن قۇربان دورغا شۇ پالۋانغا ئوردا
ئاتلىرىدىن ئىككى ئات بەرسۇن دەپ يارلىق ئەۋەتىدۇ. كېيىن
بېشىر ۋاڭ بۇ پالۋاننىڭ خوجىنىياز ھاجى ئىكەنلىگىنى بىلىدۇ
ۋە خوجىنىياز ھاجىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «دادامنىڭ ۋاقتىدا
بولغان ئىشلارنى مەن سۈرۈشتە قىلمايمەن، خوجىنىياز خاتىر-
جەم ئوردىغا كەلسۇن، خىزمەت بېرىمەن» دەيدۇ، لېكىن 1 ـ 2 ـ
قېتىملىق چاقىرتىشتا خوجىنىياز ھاجى بارمايدۇ. 3 ـ قېتىم
بەھرام يۈسۈپ بەگ (ئوردا بېگى) دىگەن كىشىنى تاققا ئەۋەت-
كەندە، خوجىنىياز ھاجى ئاندىن ماقۇل بولۇپ ئوردىغا كېلىدۇ.

بېشىر ۋاڭ ئادەت بويىچە پات ـ پات ئۇۋغا چىقاتتى.
خوجىنىياز ھاجىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باراتتى. كىيىك
ئۇچراپ قالسا، بېشىر ۋاڭ كىيىك تەرەپكە قارىتىپ
نىشانسىزلا ئوق ئاتىدىكەن، خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ
يېنىدا تۇرۇپ دەل كىيىكنىڭ ئۆزىگىلا ئېتىپ يىقىتىدىكەندە
«ھەزرەتلىرى ئاتتىلا» دەپ ئۆتۈنۈپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ
خوجىنىياز بېشىر ۋاڭغا بەكمۇ ياراپ كېتىدۇ ۋە خوجىنىياز

ھاجىغا ھەسەتخورلىغى كۈچلۈك بولغان، خوجىنىياز ئۈستىدە كۆپ پىتنە قىلىدىغان ئوردا بېگى يولۋاسنى بازار بېگى قى- لىپ ئوردىدىن يۆتكەۋېتىپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئوردا پالۋان- لىرىنى ھەربى مەشق قىلدۇرىدىغان باشلىق قىلىپ بەلگىلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى باشقا ھەسەتخور بەگلەرمۇ ئىلاج قىلالماي قالىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خوجى- نىياز ھاجى ئوردا ئىچىدە تۇرۇپ 1929 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلىغىچە قۇمۇل ۋاڭغا قارشى قوزغالغان قۇمۇل دىخانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ جىددى تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

1929 ـ يىللىرى ۋاڭ ئوردىسى قۇمۇل رايونىنىڭ ھەربى مۇداپىئە ئىشىنى كۈچەيتىپ ۋاڭ ئوردىسىنى ساقلاش مەقسى- دىدە 1 ـ قېتىم 12 تاغ، 5 شەھەردىن 100 دەك كىشىنى ۋاڭ ئوردىسىغا توپلاپ ئۇلارغا ھەربى تەلىم - تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسىنى خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرىدۇ. بۇمۇ خو- جىنىياز ھاجى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ پۇرسەت بولۇپ، كېلە- چەكتە ۋاڭ ئوردىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ ئاساسىنى شۇ يەردە قۇرىدۇ....

ئاپتوردىن:

1 ـ مەن بۇ قىسقا ماتېرىيالنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆمۈرىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇر- غان ۋاقىتلىرىدا، شۇ ۋاقىتتىكى مۆتىۋەر زاتلارنىڭ ھاجىمدىن ھال سوراپ كۆرۈشكىلى كەلگەن چاغلىرىدا ھاجىمنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىشلىرىدىن بە-

ۋاستە ئاڭلىغان خاتىرىلىرىمگە ئاساسەن يېزىپ چىقتىم.

2 ـ مەن 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1936 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە دادام قۇرباننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خوجىنىياز هاجىنىڭ ئالدىدا خىزمەتتە بولدۇم.

تەڭتۇش مۆتىۋەرلەردىن مەسىلەن، بۇرهان شەھىدى، ئابدۇللا داموللا ، مەنسۇر ئەپەندى، يۇنۇس بەگ، تۇرسۇن بوۋا، شايەخمەت، شېرىپقان (قازاق) قاتارلىق كىشىلەر هاجىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە هاجىمدىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. هاجىمىز بۇ تەلەپلەرگە ئاساسەن بىر ئاخشامدا بىر ياكى ئىككى ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئاڭلىغۇچىلار قىزىقىپ كەتكەن تۈنلەردە تاڭ سۈزۈلۈپمۇ قالاتتى. بۇ هال ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ تۇراتتى. مەن مېھمانلارنى كۈتۈش جەريانىدا ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتىم. قىسقىچە خاتىرىمۇ قىلاتتىم.

3 ـ هاجىمنىڭ مىجەزى بەكمۇ چۇس ئىدى. خوشى بولمىغان كىشىلەرگە ئاسانلا خاپا بولۇپ قالاتتى. بۇ خاپىلىق بۈگۈنى بار ئەتىسى يوق ئىدى. شۇنىڭدەك هاجىمنىڭ يالغان سۆز قىلماسلىقىمۇ ئالاھىدە بىر خاراكتېرى ئىدى.

1934 ـ يىلى شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەرەمگە بارغاندا، خوجىنىياز هاجى ئىنىسى باقىنىيازدىن مەككىدىكى ياقۇپ هاجىغا، ئوغلى ئابدۇللا ياقۇپلارغا ئايرىم سالام خەت يازغان ۋە ئۇنىڭغا ـ سالام ئەۋەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇلاردىن جاۋاپ خەت كەلدى. بۇ پاكىت خوجىنىياز هاجىنىڭ مەككىدە ياقۇپ باينىڭ خوجىلىق بېغىدا ئىشلىگەن سەرگۈزەشتىسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

تۇرپان قاراغوجا ئاستانىدا مەخسۇت باي ۋە ماھمۇتلار بىلەن بولغان ئىدىيە بىرلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولساق، مەسىلەن، خوجىنياز ھاجى قۇمۇلدا بولغان ۋاقىتلىرىدا مەخسۇت باي سودىگەرچىلىك باھانىسى بىلەن قۇمۇلغا 3 قېتىم بېرىپ ھاجىم بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنى خوجىنياز ھاجى ئۆز يۇرتى ئاراتۈغمۇ ئېلىپ بارغان ئىدى.

قۇمۇل دىخانلار ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەخسۇت باي ئۆزى قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنياز ھاجىنى تۇرپانغا باشلاپ چىقتى.

خوجىنياز ھاجى ئالتاي ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە، شۇ دەۋردە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان قازاق خەلقىنىڭ ئاتاغلىق ئەربابى شەرىپقان ئاڭلاپ: «ھاجىمنىڭ سۆزى دەل جايىدا، ئالىپ دېگەن كىشىنىڭ جارلىغى راست، ئۇ ھازىر ئوكۇرداي بولدى. ھاجىمغا ھەمرا بولۇپ بارىكۆلدىن ئالتايغا بارغان قامزا، ئالتاي ـ قۇمۇل ئارىلىغىدا قاتناپ يۈرىدىغان چوڭ ئوغرى. ھازىر ئۇ تۈرمىدە ياتىدۇ» دېگەن ئىدى.

خوجىنياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس بولغاندىن كېيىن چۆچەكتىكى مامۇت باي ئۆزى ئالاھىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھاجىمنى زىيارەت قىلغان ۋە سوغىلار بەرگەن.

غۇلجىدىكى ۋەلى باينىڭ كىچىك ئوغلى جامىخانمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، پۈتۈن ئائىلە تۇققانلار نامىدىن ھاجىمدىن ھال سورىغان... يۇقىرىقى پاكىتلار ھاجىم سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

# مافۇشىڭ (ماتىتەي) توغرىسىدا ئەسلىمە

مۇھەممەت ئىمىن قۇربان

«شىنخەي ئىنقىلاۋى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەردە «تىتەي». «نىپتەي» دەپ ئاتىلىدىغان ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۆتكەن ئىدى.

«تىتەي» دىگىنى دىۋىزىيە قوماندانى (سىجاڭ) دەرىجىلىك، «نىپتەي» دىگىنى بىرىگادا قوماندانى (لۈيجاڭ) دەرىجىلىك ئەمەل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردە ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مافۇشىڭ، يەنى ماتىتەي بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، بىر مەزگىل «پاشا» دەپ ئاتالغان، كېيىن «مومچى تاز» دەپ ھاقارەتلەنگەن ئىدى. مەن بۇ ھەققىتە ئىگەللىگەنلىرىم ۋە بىلگەنلىرىم بويىچە قىسقىچە ئەسلىمە يازماقچىمەن:

مافۇشىڭ . مىللىتى خۇيزۇ، ئەرەپچە ئېتى مۇھەممەت يۇنۇس. ئەل ئىچىدە ئۇنى يۈننەنما دەپمۇ ئاتايتتى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن قۇرۇلغان يەرلىك قوشۇننىڭ 10 ـ باتالىيونىغا تۇگلىڭ بولغان، مافۇشىڭ چاپسانلا ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ خىزمەت دەرى-

جىسى ئۆسىدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قەشقەرنىڭ تى-
تەيلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە تىتەي بولۇپ كەلگەندە
ئۇنىڭ ئوغلى ماجۋۇ «نىتەي» بولۇپ بىللە كېلىدۇ. بۇلار
قەشقەرگە كېلىپ ماتىتەي يېڭىشەھەردە، ماجۋۇ كونىشەھەردە
تۇرۇپ ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ماتىتەي ئۇچىغا چىققان شەھۋەتپەرەست بولۇپ كېيىنكى
كۈنلەردە ئەيشى-ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ
جەھەتتىكى قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

1-ماتىتەي قەشقەردە تۇرغان مەزگىللىرىدە كۆپلەپ
خوتۇن ئالىدۇ. بۇ چاغلاردا خەلق ئىچىدە «ماتىتەينىڭ 40
خوتۇنى بار» دېگەن سۆز مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قا-
راشلىق ھەرەمخانىسىدا كۆپلىگەن قىز-چوكانلار، قول-
دېدەكلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسى ئاياق
ئاستى قىلىناتتى. ئۇنىڭ يالاقچىلىرى ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن
خەلقنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى ئالداش، زورلاش، ئازدۇرۇش،
ئوغرىلاشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا سوغات قىلىپ تۇراتتى.

ماتىتەي يېشى 60 تىن ئېشىپ ھالسىزلانغاندىن كېيىن
تېۋىپلارغا قۇۋۋەت دورىسى ياساتماقچى بولىدۇ. بۇ
دورىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇچقاچ لازىم بولغانلىقتىن پۈتۈن
يۇرتتا قۇچقاچ ئالۋىنى سالىدۇ. مانا بۇ قەشقەر تارىخىدىكى
مەشھۇر «قۇچقاچ ئالۋىنى» ئىدى. بۇ ئالۋاڭ شۇ زاماندا يۇرت
ئىچىدە قالتىس ئېغىر زۇلۇم بولغان ئىدى. مەسىلەن، تىتەيگە دورا
ياساش ئۈچۈن 100 دانە قۇچقاچ لازىم بولسا، شەھەر ھاكىمى
بەگلەرگە 200 قۇچقاچ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن، شەھەر بەگلىرى
بولسا يېزا بەگلىرىگە 500 قۇچقاچ دەپ تاپشۇرغان. يېزا بەگ-

لىرى يۈز بېشىغا، يۈز بېشى ئون بېشىغا قاتلاپ بۇيرۇق قىلغانلىقتىن يۇقىرا بېشىغا كەلگەندە ئۇ نەچچە قاتلىنىپ بىر بەگلىك تەۋەسىدىكى يېزىلار ئون مىڭلاپ قوچقاچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇشقان. مۇنداق زور ساندىكى قوچقاچنى تۇتۇپ تاپشۇرۇش يۇقىرىلارغا ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان ئىدى. يېزا بەگلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈزۈم چىقىرىپ قوچقاچنىڭ ئورنىغا پۇل تۆلەش ئىشىنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالۋاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ يۇرت خەلقىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بالايى ئاپەت بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قوچقاچ ئالۋىڭىنى تۆلەپ كېتەلمەي قاماققا ئېلىنغانلار، ئۆي ۋاقىدىن ئاجراپ خانىۋەيران بولغانلار ناھايىتى كۆپ.

2 - ماتەتتەي ئالۋاڭنى تولا سېلىپ قەشقەر خەلقىگە ھېسابسىز جەۋرى - زۇلۇم قىلغان مىللىتارىست ئىدى. مەسىلەن، ئۇ قەشقەردە دوبۇتنىڭ جاڭگاللىقىغا (ھازىرقى ساۋخۇغا) شەھەر ۋە ئوردا سالدۇرغان. بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن يۇرتقا ھاشا سېلىپ مىڭلىغان ئادەملەرنى كېچە - كۈندۈز ئىشلەتكەندىن تاشقىرى قۇرۇلۇشنىڭ ماتېرىياللىرىنىمۇ يۇرت - يۇرتتىن ئالغان. ساۋخۇ قۇرۇلۇشىدىكى زۇلۇم تارىختا خېلى ئېغىر ئۆتكەن زۇلۇملاردىن بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ھەيۋەتلىك يەردە شەھەر ۋە ھەشەمەتلىك قەسىرلەر قۇرۇلغان. بۇ ھەقتە خەلقنىڭ ئېيتقان قوشاقلىرى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. مەسىلەن:

ساۋخۇ يولى قۇمۇشلۇق،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.

### 14. يىغلاپ شەھەر سورىغان،
### ماتتەيدەك زالىم يوق......

بۇ قوشاقنىڭ 4 ـ قۇرىدىكى سۆز زالىملىقتا ھېچكىممۇ «ماتتەيدەك بولغان ئەمەس» دېگەن ئۇقۇمنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇ يەنە سەيلە، تاماشا قىلىش ئۈچۈن قەشقەر يېڭىشەھەر ـ نىڭ مەركىزىگە «لو» نامىلىق ھەشەمەتلىك راۋاق (قىنەيتۇر) ياساتقان. بۇ قۇرۇلۇشىمۇ يۇرتقا ئالۋاڭ چېچىپ ئەمگەكچى خەلقنى ھاشاغا ئىشلىتىش بىلەن پۈتكۈزگەن.

ماتتەيىنىڭ دەۋرىدە قەشقەردە بولغان «موم ئالۋىڭى» ناھايىتى دەھشەتلىك ئۆتكەن. بۇ ئالۋاڭدا نۇرغۇنلىغان كى ـ شىلەر خانىۋەيران بولغان، قاماققا ئېلىنغان، ھەتتا پۇت ـ قول ـ لىرى كېسىلگەن. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى: شۇ زاماندا ئۇلۇغچاتنىڭ قىزىلبويى دېگەن يېرى ئەتراپىدا نېفىت ـ لىك بولۇپ، ئۆزلىگىدىن ئۆرلەپ قالغان ماي، ساسلىقلاردا ۋە سۇ يۈزىدە لەيلەپ كۆرۈنگەن، بەزى يەرلەردە لاتقىغا ئوخشاش ئۇيۇپ قالغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يەرلىك ئادەملەر تاغ يا ـ قىسىدىن موم چىقتى دېگەن گەپنى تارقىتىدۇ. ماتتەي ئاڭلاپ بۇنى يىغىپ موم دەپ سېتىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. روزى بەگ، جىڭچى ئىمام، ھاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىمام دېگەن كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ قەشقەر كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردىكى دۇكاندارلارغا بۇ مومنى كۆپلەپ ساتىدۇ. لېكىن موزدۇزلار بۇنى ئىشلىتىپ كۆ ـ رۈپ ئۇنىڭ موم بولماستىن قاراماي ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېلىۋېلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇنى كۆپلەپ سېتىۋالغان دۇكاندارلار

زىيان تارتىدۇ. زىيان تارتقان دۇكاندارلار موم سېتىۋېلىشنى رەت
قىلسا «پادىشاھ» ھۆكۈمىگە قارشىلىق قىلدى دەپ قامايدۇ. بۇنىڭدا
زىيان تارتقان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلق ماتىتەيىنىڭ
زۇلمى ئۈستىدىن ياڭ زېڭشىنغا كۆپلەپ ئەرز شىكايەت قىلىدۇ.
بۇ توغرىدا ئۈرۈمچى جاڭجۇنى ماتىتەيىنى ئەيىپلەپ خەت
ئەۋەتىدۇ. ماتىتەي ياڭ زېڭشىندىن كەلگەن بۇ ئەيىپلەش بەدى-
لىگە ئاچچىغىنى يەرلىك كىشىلەردىن ئېلىپ دەھشەتلىك چارى-
لارنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. مەسىلەن، روزى بەگنى باش جىنا-
يەتچى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ شەھەر ئاي-
لاندۇرۇپ سازايى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغاچى كوچىنىڭ
ئىمامى «جىڭچى ئىمام» بىلەن ھاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىماملار-
نىڭمۇ قولىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ. قولى كېسىلگەنلەرنىڭ
قولىنى ياغدا داغلاپ قېنىنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-
نىڭ ئازاۋىدا بەزەنلىرى ئۇزاق قالماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

3 ـ ماتىتەي قەشقەردە ئۆز بەگ، ئۆز خان بولۇۋېلىپ
ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ئانچە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ
ۋاقتىدا قەشقەرنىڭ ۋالىسى جۇ رۇيچىش بىلەن قەشقەر كونى-
شەھەر ئامبىلى ما شاۋۋۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇت تېپىشىش بولۇپ،
ماتىتەي بۇ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلماستىنلا ئۇلار-
نىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاپ، تاغىسىنى تارتىۋېلىپ قەشقەر-
دىن قوغلاپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بول-
سىمۇ ماتىتەيگە سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي جۇ رۇيچشنى ئاقسۇغا ۋالى،
ما شاۋۋۇنى ئۈچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ بۇ ئىشنى
ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلغان بولىدۇ. ئەمما كۆڭلىدە ماتىتەي-
دىن قاتتىق نارازى بولىدۇ.

ماتتەيىنىڭ ئوغلى ماجۇۋمۇ دادىسىغا ئوخشاش سۆلەتۋاز، ھەشەمەتخور بولۇپ، قەشقەر كونىشەھەردىكى «يومۇلاق شەھەر كۆلى» بويىغا بىر راۋاق سالدۇرغان. بۇنى كىشىلەر نىتەيىنىڭ راۋىقى دەپ ئاتايتتى. ئۇ بەزىدە ھاۋانىڭ ياخشى ۋاقىتلىرىدا راۋاققا چىقىپ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى. كەچقۇرۇنلىرى كانايچىلارنى سېپىلگە چىقىرىپ كاناي چالدۇراتتى.

دىمەك ئاتا ـ بالا ئىككىسى قەشقەردە ئۆز بەگ، ئۆز خان بولىۋېلىپ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تولۇق ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا خېلى نۇرغۇن قوراللىق قوشۇن بولغانلىقتىن ئۇنى ما شاۋۇنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى پىلان قىلىدۇ. ما شاۋۇ بىلەن ماتتەيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلىدىغان ياڭ زېڭشىن ماشاۋۇغا ماتتەيىنى يوقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى بېرىدۇ. بۇيرۇق 1924 ـ يىلى ماي ئايلىرىدا چۈشكەن بولسا كېرەك.

بۇيرۇق ئالغان ما شاۋۇ تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئۈچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇ، كۇچاردىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن رامزان ھاجى دېگەن ئادەمنىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ يول بىلەن ماڭىدۇ. بۇ ئىككى قوشۇن بىر ۋاقىتتا قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ تەڭ ھەركەت قىلىدۇ. ما شاۋۇ قوشۇنى قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئاقسۇ، كۇچاردىن كەلگەن ۋاڭ، گۇڭ ۋە قادىر جەڭگىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەر كونىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. ھۇجۇم بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىدۇ. بىر-

ئىككى سائەت مىقدارى داۋام قىلغان قاتتىق جەڭ نەتىجىسىدە ماتىتەي ئۆز رەقىبى بولغان ما شاۋۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەڭ ئالىي جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەردە ئۇدا ئۈچ كۈن سازايى قىلىنغان ئىدى.

ماتىتەي تولۇم ساچقان،
ئالۋاڭنى تولا چاشقان،
خەلققە زۇلۇم قىلغاچقا،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

بۇ قوشاق دەل شۇ يىللىرى پەيدا بولغان ئىدى.

رامزان ھاجى باشچىلىقىدىكى قوشۇن سەھەرلىكتە دەرۋازا ئېچىلىش بىلەن تەڭ ئات سېلىپ كىرىپ ماجۇۋۇنىڭ ئادەملىرى ئويقۇسىنى ئېچىپ بولغىچە يومىلاق شەھەرنى ئىگەللەيدۇ. ماجۇۋۇ ئۆزىنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ راۋاق تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. رامزان ھاجى ئۇنى قوغلاپ چىقىپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ تاپانچىسى بىلەن رامزان ھاجىنى ئېتىپ قويىدۇ. لېكىن مىنۇت ئۆتمەيلا ماجۇۋۇغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ماتىتەينىڭ قەشقەردىكى 10 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا شۇ يوسۇندا خاتىمە بېرىلگەن ئىدى.

# قاغىلىق تارىخىغا دائىر ئەسلىمىلەردىن پارچىلار

ئابدۇرىشىت خوجاھەمەت

قاغىلىق — شىنجاڭدا ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى مول ناھىيىلەرنىڭ بىرى. تارىختا بۇ جايدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئاز ئەمەس. تۆۋەندىكىلەر مەن بىلگەن بەزى ئەھۋاللاردۇر.

## چەتئەللىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىشى

1917 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قاغىلىقتا 70 نەچچە (46 ئائىلە) روسىيە پۇقراسى، بىرمۇنچە ئەنگلىيە پۇقراسى (بۇلار ئاساسەن ھىندىستانلىقلار بولۇپ، بۇ چاغدا ھىندىستان ئەنگلىيە فېدراتسىيىسىدە ئىدى)، 200 گە يېقىن ئافغانىستان پۇقراسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ھېسابلايتتى. روسىيە پۇقرالىرى بىلەن ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار بارلىق تىجارەت يوللىرىنى ئىگەللىۋالغان ئىدى. ئەنگلىيە پۇقرالىرى بولسا، ئۆسۈمگە پۇل بېرىپ جازانە - سۈتخورلۇق

بىلەن بىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەرلىك
ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق تاپشۇرمايتتى. يەنە كېلىپ يەرلىك
خەلقلەرنى مەيلىچە بوزەك ئېتەتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ روسىيە،
ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى تەرىپىدىن
تەيىنلەنگەن ئاقساقال (ۋەكىل) لىرى بولاتتى. بۇ ئاقساقال-
لار «ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدايمىز»
دېگەن باھانا بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىشىغا
ئارىلىشىپ بەزىدە بېسىم ئىشلىتەتتى. ئۇلار سودا - سېتىق.
ئېلىم - بېرىم ۋە باشقا ئىشلاردا يەرلىك خەلق بىلەن
دەۋالىشىپ يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بارسا، يەرلىك
ھۆكۈمەت شۇلارنىڭ دېگىنىدەك ھەل قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ
پات - پات ۋەقە چىقىرىپ يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ
بېشىنى ئاغرىتىپ تۇراتتى. بىر كۈنى خەنزۇ مەكتىۋىدە
ئوقۇيدىغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى روسىيە پۇقراسى قادىر-
خاننىڭ دۇكىنىدىن مال ئېلىشىۋېتىپ گەپ تالىشىپ قالىدۇ.
قادىرخان بولسا، ئۆزىنىڭ روسىيە پۇقرالىق ئىمتىيازىغا
تايىنىپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى ئۇرىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئەلەمگە
چىدىماي ئامبالغا قادىرخان ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. ئامبال
ئۇقۇشماي قادىرخاننى چاقىرتىپ كېلىپ 30 پالاق ئۇردۇرىدۇ.
بۇ چاغدا قادىرخان ئەھۋالنى ئۆز ئاقساقىلى توختىغا
ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يەل بېرىشى، يول كۆرسىتىشى بىلەن
قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلخانىسىغا ئەرز سۇنىدۇ. كونسۇلخانا
اغىلىقتا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇ كېلىپ قاغىلىق ئامبىلىغا
ھەيۋە قىلىدۇ ھەم ھەر بىر پالاق ئۈچۈن بىر قانچە سەر كۈمۈش
تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق

ھەربىي قىسمىنىڭ باشلىقى ئامبالغا: «ئۇلارنىڭ بىزگە
قىلىۋاتقىنى زورلۇق، تاقەت قىلىۋېرىشىنىڭ ئۆزى خورلۇق،
بىزدە كۈچ تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا بوزەك بولىمىز؟
سىز ماقۇل دېسىڭىز، مەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ
قويالىغۇدەكمەن» دەيدۇ. ئامبال بولسا «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرى-
سىدا شەرتنامە بار. ئۇنداق قىلساق يۇقۇرىنىڭ ئالدىدا
جاۋابكار بولۇپ قالىمىز» دەيدۇ-دە، كۈمۈش بېرىشكە ماقۇل
بولۇپ بىرقانچە يامبۇنى پەتنۇسقا سېلىپ كونسۇلخانا خادىمىغا
تاپشۇرۇپ بېرىپ قۇتۇلىدۇ.

قاغىلىقتىكى ئەنگلىيە پۇقراسىنىڭمۇ خوردىكى بەك
ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. يەرلىك خەلقلەرگە ئۆسۈمگە بەرگەن
پۇللىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يىغىپ بېرىشىنى
تەلەپ قىلاتتى. يىغىپ بەرمىسە ماجرا چىقىرىشتىنمۇ يانمايتتى.

## يەرلىك ئادەملەرنىڭ چەتئەل پۇقراسى بولۇشى

قاغىلىقتىكى روسىيە، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ يەرلىك
ھۆكۈمەتكە باج-سېلىق، غەللە-پاراق تاپشۇرمايدىغانلىقىنى
كۆرگەن بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر چەتئەل پۇخراسى بۇ
لۇشقا قىزىقىپ كېتىدۇ. بۇ كىشىلەر چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ
ئاقساقاللىرىغا پارە بېرىپ، ئۆزلىرىنى كونسۇلخانىلارغا تونۇش-
تۇرۇپ چەتئەل پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىنىشىنى ئىلتىماس
قىلىشىدۇ. چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق
ئاقساقاللىرىمۇ پارە بىلەن چۈنتەكلىرىنى توشقۇزغاندىن كېيىن،
يالغان ئانكېتىلارنى تولدۇرۇپ قەشقەردىكى روسىيە، ئەنگلىيە

كونسۇلخانىلىرىغا يوللايدۇ ۋە چەتئەل پۇقراسىلىق گۇۋاھنامىسىنى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ بايرىقىنى ئەكەلدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەر ئەنگىلىيە بايرىقىنى ئېسىپ قويۇشۇپ، گۇۋاھنامىلارنى كۆز - كۆز قىلىشىپ يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق، غەللە - پاراق تۆلەشتىن قۇتۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال 1924 - يىللىرىغا كەلگەندە بىر قەدەر يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇلاردىن باج - سېلىق ئېلىشقا پېتىنالماي قالغاچقا، دۆلەتنىڭ كىرىمىگە تەسىر يېتىدۇ. ئاخىر شۇ ئاقسۇدىكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى گوي ئىلىڭ بۇ ئەھۋالنى يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىدۇ. يۇقۇرىدىن: «ئۇلار روسىيە، ئەنگىلىيىنىڭ قايسى يېرىدىن كەلگەن، بۇ ھەقتە تولۇق ئىسپاتى بارمۇ؟ ئاشۇ جاي ۋە مىللەتنىڭ تىلىنى بىلەمدۇ؟ ئاتا - ئانىسى نەلىك؟ بۇلارغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان پاكىت بولسا، چەتئەل پۇقرالىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، بولمىسا چەتئەل پۇقرالىقى ئىناۋەتسىز» دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ كېلىدۇ. ئامبال مۇشۇ كۆرسەتمە بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە ئۆزى جۇڭگو پۇقراسى تۇرۇقلۇق چەتئەل پۇقراسى بولىۋالغانلاردىن يامۇل ئالدىدىكى ئۆزۈن كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق رېمونتچى (كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلاتتى) چاۋار ئاخۇن قاتارلىق 20 كىشىنى چاقىرتىپ بىر - بىردىن سوراپ، ئۇلارنى چەتئەل پۇقراسى بولۇشتىن چەكلەندۇرىدۇ.

## تۈنجى كىنو

تەخمىنەن 1923 - يىلى بىر ئاخشىمى ئاغام مېنى

بۈگۈن لاتەك ئۆيۈنى (خەلق كىنوغا شۇنداق ئات قويەۋالغان) بارەكەن. كۆرسىتىپ كېلەي، دەپ كونا كالا بازىرىدىكى بىر چوڭ هويلا ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۈستى يېپىقلىق بۇ هويلىنىڭ ئىشىكىدىن پۇل تۆلەپ كىردۇق. بولۇڭدا بىر نەرسە «پات، پات، پات» قىلىپ بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى (كېيىن ئۇقسام ماتورنىڭ ئاۋازى ئىكەن). هويلا ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، بىر يەردە غۇۋا چىراق كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. كېيىن غىل-پال چىراق يېنىپلا ئاندىن كىنو باشلاندى. كىنونىڭ مەزمۇنىغا چۈشىنەلمىدىم. كىنو ئاۋازسىز بولۇپ، ئىكرانى هازىرقى ئوتتۇرا هال دەرىزىچىلىك كېلەتتى. سۈرەت ئوچۇق ئىدى.

## پوچتىخانا

ئەقلىمگە كەلسەم قاغىلىقتا بىر نەچچە ئادەم ئىشلەيدىـ دىغان بىر پوچتا ۋاكالەتخانىسى بار ئىدى. ئۇنى خەقلەر «داكچىخانا» دېيىشەتتى. پوچتالىيون بولسا «داكچى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار قاغىلىق بىلەن گۇما، قاغىلىق بىلەن پوسكام ئارىلىقىدا ئات ئارقىلىق خەت-چەك توشۇيتتى. ئۇ چاغلاردا قاغىلىقتا سىمسىز تېلېفون-تېلېگرامما دېگەنلەر يوق بولۇپ، قۇدرىتى يېتىدىغانلار زۆرۈر تېپىلسا قەشقەرگە بېرىپ تېلېفون-تېلېگرامما بېرەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا شەخسلەرنىڭ خەت-چەكلىرىنى ئاپىرىپ بېرىدىغان ئىشچى يوق، خەت-چەكى بار كىشىلەر ۋاكالەتخانىغا ئۆزى بېرىپ ئالاتتى.

## داۋالاش

- 1933-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە قاغىلىقنىڭ بازار ئىچىدە 2

ئېغىزلىق ئۆيدە بىر داۋالاش ئورنى قۇرۇلغان. بۇ ئۆينىڭ تاش-
قارقى ئۆيىدە ئۆسۈملۈكتىن ياسالغان دورىلار سېتىلاتتى، ئىچكى-
رىسىدە كېسەل كۆرۈلەتتى، ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدا داۋالىناتتى.
داۋالاش ئورنىدا 2 كىشى (خەنزۇ) ئىشلەيتتى. ئۇلارنى
ئۇيغۇرلار «چىچەكچى» دەيتتى. بۇ ئىككەيلەن ئەتىيازدا خەنزۇ
باللىرىغا چىچەك سالاتتى. ئۇيغۇرلاردىن چىچەك سالدۇرىدىغان-
لىرى بەك ئاز بولاتتى. چۈنكى ئۇلار خۇراپىي ئەقىدە بويىچە
بۇ يەرگە يېقىن كەلمەيتتى. داۋالاش ئورنى ئادەتتىكى
چاغلاردا ياملۇدىكى ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى
داۋالايتتى. ئۇيغۇرلار كېسەل بولسا، مىللىي تېۋىپقا كۆرسى-
تەتتى. بەزى پۇلى بارلار يەكەنگە بېرىپ «شىۋېت دوختۇر-
خانىسىغا» كۆرسىتەتتى. قاغىلىقتا ئۇنىڭدىن باشقا داۋالاش
ئورنى يوق ئىدى. بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆزى ياكى باللىرى
ئاغرىپ قالسا، دۇئا، رەتنامە ئوقۇتۇپ. پىرى ئوينۇتۇش بىلەن
بولدى قىلاتتى.

# سۈرگۈن ۋە نوم

ئەمىنوپ ئېلاخۇن

قۇمۇلدىكى فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈم بولۇپمۇ شاھمەخسۇت ۋاڭ دەۋرىگە يەتكەندە تېخىمۇ چىرىكلەشكەن ئىدى. قۇمۇل خەلقى سىياسى - ئىقتىسادى تەرەپتىن تېخىمۇ قاتتىق ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىندى. ئەمگەكچى خەلق ۋاڭلارنىڭ دىخانچىلىق مەيدانلىرىدا ھەقسىز ئىشلەيتتى، تۆمۈر چارۋىلارنى ھەقسىز بېقىپ بېرەتتى، ۋاڭنىڭ كارىزلىرىنى ھەقسىز چېپىپ بېرەتتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىناتتى. شۇنىڭدەك ھەرخىل ئالۋاڭ - سېلىقلارغا ئىشلەيتتى. ۋاڭ، بەگلەر بولسا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى ھېساۋىغا پارازىتلىق بىلەن پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈپ خالىغانچە كەيىپ - ساپا سۈرەتتى.

ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بولسا فېئودالىق ۋاڭلىق تۈزۈم بىلەن دىنى قائىدە - قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى.

1820 - يىللىرى مەھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ، ۋاڭلىق مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈم، دىنى قائىدە - قانۇنلارنى ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، كەنت - يېزىلىرىغىچە، بەگ - دورغا، مىراپ،

مۇپتى، ئىشان، سوپى، پاششەپ، قوش بېگى، بازار بېگى
قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ يۇرت باشقۇردى. ئۇلار ئارقىلىق ئەدە-
گەكچى خەلقلەرنى يوقىلاڭ باھانىلار بىلەن قولغا ئېلىش،
زىندانغا تاشلاش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. قولغا ئېلىنغانلاردىن
كىچىك ئەمەلدارلار پارە ئېلىپ قويۇپ بەرگەنلەردىن باشقى-
لىرى ئوردا قاماقخانىسىغا سولاپ قويىلاتتى. بىر كۈنلىرى
ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قاماقخانىسى ئادەمگە توشۇپ سىغىشماي قالغاندا
ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىپ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ تۇققانلىرى-
دىن ئامان خوجا ئىسىملىك بىر ئەمەلدارغا (ھازىرقى قۇمۇل
ئايرودرومىنىڭ ئورنىدىكى راۋاقلىق قوروسىدا ئولتۇرۇشلۇق
ئىدى.) تاپشۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇلدا
«سۈرگۈن» قىلىش ئىشى كېلىپ چىقتى. «سۈرگۈن» قىلىنغان
جاينى «ئامان قاغا» دەپ ئاتايتتى.
ئەسلىدە ئامان قاغا دىگەن جاي ۋاڭ ئوردىسىغا قاراش-
لىق ئىدى. ھەر يىلى ھەر ئائىلە ئامان خوجىنىڭ باشچىلى-
قىدا ئامان قاغىدىن ئىككى ھارۋا يانتاق چېپىپ ۋاڭ ئور-
دىسىغا تاپشۇراتتى. شۇنىڭدەك بۇ جايدا چاشقاننىڭ بىر
خىلى «كۆسۆتكە» كۆپ بولۇپ، چوڭلىقى مۈشۈكتەك كېلەتتى.
سۈرگۈن قىلىنغان گۇناكارلارغا كۆسۆتكە تېرىسىدە ئون كىشى-
لىك جوگا تەييارلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرىلاتتى. شۇڭا بۇ بىچا-
رىلەر قاپاق بىلەن سۇ توشۇپ «كۆسۆتكە» تۆشۈكلىرىگە قۇيۇپ،
كۆسۆتكىنى ئۇۋىسىدىن قوزغاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنى تۇتۇپ
ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ تېرىسىنى ئەيلەپ، ئون كىشىلىك جوگا تەييارلاپ
ئامان خوجا ئارقىلىق ۋاڭغا تاپشۇراتتى. بۇ ۋەزىپە قاچان تۈگىسە
ئۇنىڭ گۇناسىمۇ شۇ ۋاقىتتا تۈگىگەن بولاتتى. ئاندىن ١

ۋاكىلىق تۈزۈم، دىنىي قائىدىلەرنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشى ئۈ-
چۈن تىلىدىن خەت ئېلىپ قويۇپ بېرەتتى. ئۇن كىشىلىك
جوگا تەييارلاش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىر يىل ياكى بىر
نەچچە يىل ۋاقىت كېتەتتى، بۇ جەرياندا گۇناكارلار تاماقنى
ئۆز ئۆيىدىن توشۇپ يەيتتى، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى
يوق كەمبەغەللەر تاماق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا خىراجەت-
لەردىن قىستىلىپ ئۆي - جايلىرىنى گۆرەگە قويۇپ ياكى سېتىپ
خىراجەت قىلىپ، ئاخىرى يوقسۇللۇقتا ۋەيران بولۇپ كېتەتتى.
بىر قىسىم ئۆي - ئائىلىسى يوقلارغا بوز يەر ئاچتۇرۇپ قاپاق
بىلەن سۇ توشۇتۇپ تېرىق تېرىتاتتى. چىققان مەھسۇلاتنى
گۇناكارنىڭ ئۆزىگە بېرىپ ئىشقا سالاتتى. بۇنداقلارنىڭ
سۈرگۈن ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇراپ كېتەتتى. مۇشۇ تەرتىپ
شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زامانىغىچە كەلدى. شامەخسۇت هاكىمى-
يەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئالۋاڭ - سېلىق تېخىمۇ كۆ-
پىيىپ ئامان قاغىغا سۈرگۈن قىلىنىدىغانلار كۆپەيدى.

1913 - يىلى قۇمۇلدا بولغان قاتتىق يەر تەۋرەشتە
ئامان خوجىنىڭ قورا - جايى ۋەيران بولدى. ئامان خوجا ۋە
بىر نەچچە ئون گۇناكارلارنى راۋاق بېسىپ ئۆلتۈردى.
شۇندىن كېيىن ئامانقاغىغا سۈرگۈن قىلىش ئۆزگەرتىلىپ
نوم - بايغا، كېيىنرەك شىڭشىڭشيا تەرەپلەرگە سۈرگۈن
قىلىندىغان بولدى.

نوم هازىرقى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە
جايلاشقان بىر خەلق كۆڭشىسى. ئەسلىدە ئاراتۈرۈك ناھىيە
بولماستىن قۇمۇل ۋاڭلىرىغا قاراشلىق قۇمۇلنىڭ ئەڭ يىراق
كەنتى بولۇپ دورغا، مىراپلار ئارقىلىق باشقۇرىلاتتى. ئۇ چاغدا

ئادەم سانى ئاز، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقمۇ ئانچە كۆپ ئەمە-
مەس ئىدى.

بۇندىن 300 يىل بۇرۇن نوم ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ جايغا ئاراتۇرۇك تەۋەسىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن ئوۋ قىلىدىغانلار كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر بۇ يەردە «بۇلاق سۈيى» بارلىقىنى، يەرلەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى بايقايدۇ، بەزەن ئوۋچىلار بۇلاق سۇ-
يىگە دانلىق زىرائەت تېرىپ سىناپ كۆرىدۇ. سىناق نەتىجى-
سى ئۈنۈملۈك چىققاندىن كېيىن خەلق ئۆستەڭ چېپىپ دېخان-
چىلىق قىلماقچى بولىدۇ. تىيانشاندىن ئاداققىچە ئېقىپ كېلى-
دىغان بۇلاق سۈيىگە ئۇلاپ كىچىك بىر ئۆستەڭ چېپىپ نومغا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقلەر نومدا يەر ئېچىپ دېخانچىلىق قىلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلايدۇ. روزى مەھەممەت دېگەن ئادەم نومنىڭ كارساڭ دېگەن يېرىدىن 40 دادەنلىك يەر تۇتىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى دېخانچىلىق قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆز ئارا چىقىشالماي پۈتۈن يەرنى ۋاڭغا تەقدىم قىلىشىپ ئۆزلىرى بايغا كېتىدۇ. تاپشۇرۇلغان 40 دا-
دەنلىك يەرنىڭ بەدىلىگە ۋاڭ ئوردىسى روزى مەھەممەتنىڭ ئوغلى ھاشىمغا مىراپلىق مەنسىۋى بېرىدۇ. شۇندىن باشلاپ نوم يۇرتقا ئايلىنىپ دېخانچىلىق قىلىنىدۇ. نومنى موڭغۇلچە «نوم تولغاي» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرچە «يۇرتنىڭ باشلانمىسى» دېگەن بولىدۇ.

نومنىڭ شىمالى تەرىپىدە ھىنگان تاغلىرى، شەرقىدە ئېگىز، ئىمىر تاغلىرى، جەنۇبى تەرىپىدە تىيانشان تاغلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. غەربى چەكسىز تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت بۇ

جايدا سۆكسۆك، يۇلغۇن، قارا ياغاچ، توغراق قاتارلىق تەبى-
ئى دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر بار، قارا تۇپراق مۇنبەت جاي بولۇپ، ھاۋاسى ئىسسىق، دائىم بوران - شامال چىقىپ تۇرىدۇ. ئاھالە بولسا، ئاشۇ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ۋاڭلىق يەردە دېخانچىلىق قىلىدۇ. كېيىن بۇ يەرنى سۈرگۈن قىلىنغان گۇناكارلارنى ھەقسىز ئىشلىتىدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرغان.

نومدا گۇناكارلارنى قاماش ئۈچۈن مەخسۇس قېزىلغان 5 ـ 6 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى زىندانلار بولۇپ، ئىچى چوڭ، ئاغزى تار خۇددى تونۇر شەكلىدە بولاتتى. نومغا سۈرگۈن بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ گۇناسىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكى زىندانلارغا ئايرىپ سالاتتى:

(1) گۇناسى ئەڭ ئېغىرلار كېچە - كۈندۈز زىنداندىن چىقىرىلمايتتى. ئۇلارغا تاماقنى زىندانىنىڭ ئۈستىدىن تاشلاپ بېرەتتى. تاھارەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولاتتى. بۇنداق گۇناكارلارنىڭ تىرىكى ئەمەس ئۆلۈكىلا چىقاتتى.

(2) گۇناسى سەل يېنىكرەك بولغانلىرى كېچىسى زىندانغا سولاپ كۈندۈزى چىقىرىلاتتى. ئەمما ئىككى پۇتىغا /كۆتەك/ سېلىپ قويۇپ قول ئەمگىكىگە سالاتتى.

3 ـ خىلدىكى گۇناكارلارنى كېچىسى زىندانغا سولاپ كۈندۈزى نازارەت ئاستىدا ئېغىر ئەمگەككە سالاتتى.

4 ـ خىلدىكى گۇناكارلارنى زىندانغا سولىمايتتى. سۈرگۈن مۇددىتى توشقاندا دورغىلارنىڭ دېخانچىلىقىغا ئىشلەيتتى ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا: نومغا سۈرگۈن قىلىنغان گۇناكارلارنىڭ بىر قىسىملىرى سۈرگۈن مۇددىتىنى توشقۇزۇپ قايتسا،

بىر قىسىملىرى ئۆلۈپ تۈگۈشەتتى. بىر قىسىملىرى نومدا ئورۇنلىشىپ قالاتتى.

شامەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە سۈرگۈن قىلىنىدى- خانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن شىكىشكىياغىمۇ سۈرگۈن قىلىنىشقا باشلىدى.

(ئاپتوردىن: مەن قۇمۇلدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا نوم ھەققىدىكى بەزى ۋەقەلەرنى يەرلىك پىشقە- دەملەردىن كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم، شۇ جايىنىڭ ئۆزىنىمۇ شەخ- سەن بېرىپ كۆرگەن ئىدىم. مەزكۇر ماقالا شۇنىڭغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىلدى).

# گومىنداڭ ـ جياڭ جيېشىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى «جۇڭتۇڭ» ۋە «جۈنتۇڭ» توغرىسىدا

گومىنداڭ ـ جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە «جۇڭتۇڭ» (پىرقە سىستېمىسىدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلات)، «جۈنتۇڭ» (ھەربىي سىستېمىسىدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلات) دىن ئىبارەت ئىككى جاسۇسلۇق تەشكىلات قۇرۇپ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قالماقچى بولغان. بۇ ئىككى جاسۇسلۇق تەشكىلات ئەينى يىللاردا جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىنقىلاۋىي ئامما ۋە بىگۇنا خەلق ئۈستىدىن كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، دەريا ـ دەريا قانلار ئاققۇزغان. بۇ ئىككى جاسۇسلۇق تەشكىلاتنىڭ جىنايىتى ھەققەتەن چەكتىن ئاشقان، ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئەينى يىللاردىلا قەتئىي قارشى تۇرغان ئىدى.

بۇ ئىككى جاسۇسلۇق تەشكىلاتنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىگەن جىنايى ھەرىكەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۇلارنىڭ جەبىر ـ جاپاسىنى جىق تارتتى. بۇ ئىككى جاسۇسلۇق تەشكىلات ئاساسەن ئۈرۈمچىدە گارنىزون قوماندانلىق شىتاۋى

بىلەن گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى مەركەز قىلىپ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە شۆبە پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، جاسۇسلۇق ـ تېررورلۇق ھەركەتلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى، بولۇپمۇ 1946 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 بىتىمنى بۇزۇشتا بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. مەسىلەن: 1947 ـ يىلى تۇرپان، پىچان، توخسۇن ناھىيىلىرىدە يۈزلىگەن دىخانلار، زىيالىلار ئۈستىدە قانلىق قىرغىن يۈرگۈزگەن لى خۇڭيۈن باشچىلىغىدىكى پەۋقۇلئاددە ھەركەت گۇرۇپپىسى دەل شۇ ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيونلار ئىدى. قەشقەردىكى ئاۋياك گاۋسەن، مۇئاۋىن ۋالىي جۇيىڭخۇا، خوتەن ۋالىيسى ۋاڭ جياۋجى قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ھەربىي ۋە پىرقە سىستېمىسىدىكى ئىشپىيون باشلىقلىرى ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى جايلاردا يەرلىكلەردىن ئىشپىيون يالىلاپ 1947 ـ يىللاردىكى سايلام ئىشلىرىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە تېررورلۇق يۈرگۈزدى.

كىتاۋىمىزنىڭ بۇ سانىدا كەڭ مۇشتەرىلارنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن «خەلق گېزىتى» نىڭ 1983 ـ يىل 30 ـ ماي، 1983 ـ يىل 3 ـ ئىيۇن سانلىرىدا بېسىلغان گومىنداڭنىڭ «جۇڭتۇڭ» ۋە «جۇنتۇڭ» ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىيال ماقالىسىنىڭ تەرجىمىسىنى باستۇق.

تەھرىردىن.

# گومىنداڭ - جياڭ جيېشىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى — «جۇڭتۇڭ»

گومىنداڭ - جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن CC سىستېمىسىدا «پىرقە»، خۇاڭپۇ (ھەربىي مەكتىۋى) سىستېمىسىدا «ھەربىي» تەرەپتىن ئايرىم ھالدا «جۇڭتۇڭ»، «جۈنتۇڭ» دەپ ئىككى ئىشپىيونلۇق تەشكىلات قۇرغان ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار ماھىيەتتە جياڭ جيېشى بېقىپ يېتىشتۈرگەن ئىككى گۇرۇھ سىياسىي ئاۋچاركا ئىتلار بولۇپ ياۋۇزلۇقى چېكىدىن ئاشقان، قان قەرزگە بوغۇلغان. جىنايەت نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى باشتىن - ئاياقىچە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرگە قاراتقان ئەكسىيەتچى تەشكىلاتتۇر.

«جۇڭتۇڭ» تەشكىلاتىنى چېن گوفۇ، چېن لىفۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى جياڭ جيېشىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى «جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئىستاتىستىكا مەھكىمىسى» بولۇپ 1938 - يىلى 8 - ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسىنى سۈرۈشتە قىلغاندا قۇرۇلۇشى تېخىمۇ ئىلگىرىگە بارىدۇ، يەنى 1927 - يىلى جياڭ جيېشى «ئاپرېل» ئۆزگىرىشى پەيدا قىلغاندىن كېيىن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۇڭچەنداڭ تەشكىلاتلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كوممۇنىستلارنى ۋە ئىلغار زاتلارنى قىرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ پىرقىسىنى ئۆز چاڭگىلىدا كونترول قىلىش، سول گۇرۇھلارنى تازىلاپ جياڭ جيېشىغە قارشى باشقا گۇرۇھلاردىن ساقلىنىش

ئۈچۈن چېن گوفۇ، چېن لىفۇلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىشپىيونلۇق خاراكتېرىدىكى CC گۇرۇھىنى قۇرغان ئىدى. بۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسى گومىنداڭ مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىرقە خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى چېن لىفۇ ئىدى. ئۇ، مەزكۇر بولۇمنى كېڭەيتىپ - تولۇقلىدى، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر پىرقە ئورۇنلىرىدا «ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاش ھەيئىتى» دەپ مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، «ئەسلەش ئۆيى»، «تەسىرلىنىپ ئۆزگىرىش ئۆيى» تەسىس قىلىپ مەخسۇس «سىياسىي مەھبۇسلار» نى قامىدى ۋە سوراق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيدىن - پەي «پىرقە تەرەپ» نىڭ ئىشپىيونلۇق سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى.

18 سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن جياڭ جيېشى «تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىچكى جەھەتتىن تىنچلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى باستۇرۇش ۋە جياڭ جيېشىغا قارشى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چېن گوفۇ، چېن لىفۇلارغا بىر تۈركۈم CC سىستېمىدىكى ئىشەنچلىك ئۇنسۇرلارنى توپلاپ «چىڭ بەيتۇەن» (كۆك ئاسمان، ئاق كۈن گۇرۇھى) بىلەن «تۇڭجىڭ خۇي» (گومىنداڭغا سادىق يولداشلار ئۇيۇشمىسى) قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئىككى مەخپىي تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزالىرى «پىرقە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى» سىستېمىسىدىكى غوللۇق ئۇنسۇرلار ئىدى.

بۇ چاغدا چېن لىفۇنىڭ قەيىنى ئىنىسى شۈي ئىنزىڭ «پىرقە خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى» نى باشقۇراتتى. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش

ئىھتىياجىغا ماسلىشىپ، مەزكۇر بۆلۈمنىڭ ئادەم ۋە خىراجىتىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. ئورگان قۇرۇپ زور تۈركۈمدە ئىشپىيون تەربىيىلەپ، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەردە «تەكشۈرۈش ئىشخانىسى» قۇرۇپ، جايلاردىكى پىرقە - مەمۇرىي ئىدارىلارغا، مەدەنىي - مائارىپ ئورگانلىرىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ فاشىستىك ئىشپىيونلۇق ھەركەتلىرى ئېلىپ باردى. 1931 - يىلى 4 - ئايدا گۇشۇنجاڭنى (جۇڭگو گوڭچەندانىڭ پەۋقۇلئاددە ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى)نى قولغا ئېلىپ، ئۇنى ئاسىلىق قىلدۇرۇشنى پىلانلىدى. 1932 - يىلى چېن دۇشيۇنى قولغا ئالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پىرقە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى ئىشلىگەن. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىرقە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى باشقارما بولۇپ كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ، ئىشپىيونلۇق ئىشلىرى تېخىمۇ غالجىرلاشتى.

1937 - يىلى 4 - ئايدا، جياڭجېشى ئىشپىيونلۇق ھەركەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، پىرقە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى بىلەن ھەربىي ھەيئەتنىڭ ئىشپىيونلۇق باشقارمىسىنى بىرلەشتۈرۈپ «مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكا مەھكىمىسى» قىلىپ قۇردى. بۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتا مەركىزىي پىرقىنىڭ مىشۇجاڭى چېن لىفۇ قوشۇمچە جۈيجاڭ بولدى. پىرقە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسىنى 1 - باشقارما، ھەربىي ھەيئەت ئىشپىيونلۇق باشقارمىسىنى 2 - باشقارما قىلىپ ئۆزگەرتتى. لېكىن بۇ ئىككى باشقارما «پىرقە» ۋە «ھەربىي» تەرەپنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى سىستېمىدىكى ئىشپىيونلار باشقارمىسى بولۇپ، قاتمۇ - قات زىددىيەتلەر ئىچىدە

تىنىمسىز جىدەللەشەتتى. 1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جياڭ جيېشى بۇ تەكشۈرۈش مەھكىمىسىنى «پىرقە» 1 ـ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىپ «جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتى تەكشۈرۈش مەھكىمىسى» ــ قىسقارتىپ «جۇڭتۇڭ» دەپ؛ ھەربى تەرەپتىكى 2 ـ باشقارمىنى كېڭەيتىپ ھەربى ھەيئەت تەكشۈرۈش مەھكىمىسى قىسقارتىپ «جۇڭتوڭ» دەپ قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. جۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىنى مەركىزىي پىرقىنىڭ مىشۇجاڭى جۇجياخۇا قوشۇمچە ئۆتىدى. (چېن لىفۇ ئۇ چاغدا مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى ئىدى.) شۈي ئېنزېڭ مۇئاۋىن بولدى. «جۇڭتۇڭ» ئورگىنى چۇڭچىڭگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئورگاننى كۆچەپ كېڭەيتتى. 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئورگاننىڭ ئىشپىيونلىرى 13 مىڭدىن ئاشتى.

«جۇڭتۇڭ» ئورگىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە پىرقە ـ مەمۇرى ئىدارىلارنى، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئالى ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ھەركەت نۇقتىسى قىلاتتى. ئۇ «سىڭىپ كىرىش، ئالداش» ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ گوڭچەنداڭنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىغا بۇزغۇنچىلىق سالاتتى. «گوڭچەنداڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، گوڭچەنداڭچە سۆزلەپ، گوڭچەنداڭنىڭ ئىدىيىۋى نۇقتىئى نەزىرى بىلەن ئىش قىلغان بولۇپ» گوڭچەنداڭ تەشكىلاتلىرىغا كۆز بوياپ كىرىۋېلىپ سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى قىلاتتى. ئۇ يەنە زور مىقداردىكى قالاق زىيالىلار بىلەن ئاسىلارنى ئۆزىگە تارتىپ چەش ـ تىرنىقى سۈپىتىدە پايدىلىناتتى. 1937 ـ يىلى گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغاندىن كېيىن «جۇڭتۇڭ» ئورگىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ھەركىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن

ئۈتمەيلا جياڭ جيېشىنىڭ ئىرادىسىغا ئاساسەن. ئىزچىل يوسۇندا گۇڭچەنداڭ بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان رەزىل ئەپتى، بەشىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللىغان «غەيرى پارتىيىلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» بىلەن «غەيرى پارتىيىلەرنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش چارىسى»نى «جۇڭتۇڭ» مەھكىمىسى تۈزۈپ چىققان. «جۇڭتۇڭ» ئىشپىيونلىرى «ياپون ئالۋاستىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ. چېگرا رايونلارغا يۈزلىنىش» دېيىشكەن بۇ ئىككى مۇتلەق مەخپى ھۆججەتكە ئاساسەن، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا قارشى تۇرۇشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، گۇڭچەنداڭنى ۋە شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلىرىنى 1 ـ نومۇرلۇق دۈشمەن ھېساپلاپ «گۇڭچەنداڭنى پارچىلاش، گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش، گۇڭچەنداڭنى چەكلەش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش» تا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. «جۇڭتۇڭ» مەھكىمىسى 1941ـيىلى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»دىن سەل بۇرۇن جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «مەخسۇس ئادىمى» دىڭ رېننى جيېجاڭ جىنخۇادا ئورگان قۇرۇشقا ھەمدە شاڭخەيگە بېرىپ ياپون جاسۇسلىرىنىڭ كاتتىۋېشى چېيسەن. يىڭزو، گاڭتيەن جىنسەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا جياڭ جيېشى 7 دىۋىزىيە ئەسكىرى كۈچىنى يۆتكەپ كېلىپ جەنۇبىي ئەنخۇيدا يېڭى 4ـ ئارمىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى بۇنىڭغا ماسلىشىپ چاڭجياڭنى قامال قىلىشنى كۈچەيتتى.

گومىنداڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك پىرقە تەشكىلاتلىرى

«جۇڭتۇڭ» ئىشپىيونلىرىنىڭ ھەركەت بازىسى ئىدى. ئۆلكە، شەھەرلەردە ئومۇمى يۈزلۈك تەكشۈرۈش - تىزىملاش ئىشخانىلىرىنى قۇرۇپ، ئۆلكىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك پىرقە ئورۇنلىرىدا «تەكشۈرۈش - تىزىملاش» خىزمىتىگە مەخسۇس خادىم ئاجراتقان ئىدى. مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئالىي - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بولسا كەڭ كۆلەمدە «پىرقە ئەزالىرىنى تەكشۈرۈش تۈرى» (كېيىن ئۇنى پىرقە ئەزالىرىنىڭ خەۋەرلىشىش تۈرى دەپ ئۆزگەرتكەن) قۇرغان ئىدى. ئۇلار كوممۇنىستلارغا ۋە ئىلغار زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىپلا قالماستىن ئۆز ئىچىدە جياڭ جىيېشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىستىبدات ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قارشى كىشىلەر ئۈستىدىمۇ «تەكشۈرۈش»، «نازارەت» يۈرگۈزۈپ قارا ئىسىملىك تۈزۈپ ھەربىي ساقچى ئىدارىلار بىلەن ماسلىشىپ كىشىلەرنى قولغا ئالاتتى ۋە سوراققا تارتاتتى. شۇڭا گومىنداڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە ئادالەتپەرۋەر زاتلار گەپ - سۆز قىلىشتا ۋە ئىش - ھەركەتتە دائىم يۈرەكزادە ئىدى.

1945 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن «جۇڭتۇڭ» گۇرۇھى قورچاق ياپون ئىشپىيون-لىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ تېخىمۇ كېڭەيدى. ئىشپىيونلىرىنى ناھىيە، يېزا بازارلىرىغىچە ئەۋەتىپ ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى يوشۇرۇن نازارەت قىلدى، قولغا ئالدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى قاتلام خەلقلىرى گومىنداڭنىڭ بىر پىرقە ئىدارە قىلىدىغان فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق قارشى تۇرۇپ تېچلىقنى، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى، «جۇڭتۇڭ» بۇ چاغدا خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلى-

ئىچىدىكى تېنچلىق دېموكراتىك ھەركەتلەرنى بۇزۇش ۋە باستۇرۇشقا
قارىتىپ «سىياسەتكە ـ سىياسەت»، «تەشكىلگە ـ تەشكىل»، «ئاممىغا
ئاممە» بىلەن تاقابىل تۇرۇش دەيدىغان پرىنسىپىنى يۈرگۈزدى.
ئۇنىڭ مەنىسى: گۇڭچەنداڭ ۋەزىيەتكە قاراپ سىياسىي شوئارلار-
نى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولسا، بىزمۇ سىياسىي شوئارلارنى
ئوتتۇرىغا قويىمىز؛ گۇڭچەنداڭ ھەر خىل گۇرۇھلارنى تەشكىللەش-
تۈرسە، بىزمۇ ھەر خىل گۇرۇھلارنى تەشكىللەيمىز؛ گۇڭچەنداڭ
ئاممىنى قوزغاپ تەشكىللىسە، بىزمۇ ئاممىنى قوزغاپ تەشكىللەش-
تۈرىمىز دېگەندىن ئىبارەت. «جۇڭتۇڭ» بۇ خىل تاقابىل تۇرۇش
تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ بىر قاتار سىياسىي ۋەقەلەرنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1946-يىلى 1-ئايدا سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشى چاقىرغان ھەر ساھەلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى
سۈرۈش يىغىنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ چۇڭچىڭدا «ساڭبەيتاڭ
ۋەقەسى»؛ 2-ئاينىڭ 10-كۈنى سىياسىي ھەمكارلىق يىغىنىنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىپ گومورو قاتارلىق 60نەپەر ئادەمنى ئۇرغان چۇڭچىڭ
«جياۋچاڭكۇ ۋەقەسى»، 2-ئاينىڭ 22-كۈنى مەملىكەت مىقياسىدا
سوۋېتكە قارشى نامايىش قوزغاپ چۇڭچىڭدىكى «شىنخۇا گېزىتى»،
«خەلقچىلىق گېزىتى»، «خەلقچىلىق ئىتتىپاق ئىدارىلار گېزىتى»
قاتارلىقلارنى پاچاقلاپ تاشلاش ۋەقەسى، 6-ئايدا نەنجىڭ
شياگۈەن ئىستانسىسىدا «ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ تېنچلىققا
ئاۋاز قوشقان شاڭخەي ۋەكىللىرىنى ئوراپ ئېلىش ۋە ئۇرۇش
ۋەقەسى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى
«جۇڭتۇڭ» گۇرۇھىنىڭ دېموكراتىك ھەركەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق
سېلىش ۋە باستۇرغانلىقىنىڭ قانلىق خاتىرىلىرىدۇر. «جۇڭتۇڭ»

يەنە ئوقۇغۇچىلار ھەركىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ بۇسىنىڭ نامىدا يۇقۇرى مەكتەپلەرگە زور مىقتاردا ئىشپىيونلارنى ئەۋەتىپ تەلىم-تەربىيە باشلىقى ۋە تەلىم-تەربىيە باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاساسلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە باشلىقلىرىنىمۇ كونترول قىلدى. شۇنىڭدەك «جۇڭتۇڭ» يەنە ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىمۇ ئىشپىيونلارنى راۋاجلاندۇرۇپ ياشلارنى چىرىكلەشتۈردى.

«جۇڭتۇڭ» نىڭ دىموكراتىك ھەركەتلەرگە غالجىرلارچە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق غەزىۋىنى قوزغىغان ئىدى. شۇڭا 1947-يىلى 4-ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تەكشۈرۈش - ئىستاتىستىكا مەھكىمىسى»نى «پىرقە ئەزالىرىنىڭ خەۋەرلىشىش مەھكىمىسى» دەپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ماھىيەت جەھەتتە قىلچە ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىم ئۆزگەرتىش ئىدى. شۇ يىلى 5-ئايدا «ئاچلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا، زىيانكەشلىككە قارشى» ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھەركىتى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئىدى. بۇ چاغدا «جۇڭتۇڭ» ئىشپىيونلىرى بىلەن «سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئۆمىكى»نىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرى بىرلىكىپ «پىرقە - ئۆمەكتىكى يولداشلارنىڭ بىرلەشمە جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ «ئۈچ تاقابىل تۇرۇش» دېگەن بىرنىمىسىنى داۋاملىق ئويناپ، قارا ئىسىملىك تۈزۈپ ھەربىي، ساقچى ۋە ژاندارمىلارغا ھەمكارلىشىپ ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلدى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزدى.

«جۇڭتۇڭ» كۈچلىرى گەرچە دېموكراتىك ھەركەتلەرنى باستۇرۇشتا كۆنساناپ غالجىرلاشقان بولسىمۇ، گومىنداڭنىڭ ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان تەقدىرىنى زادىلا قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ئارقىمۇ-ئارقا غەلىبە قىلغان ۋەزىيەت ئاستىدا «جۇڭتۇڭ» گۇروھى ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇش كۈنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، زور تۈركۈمدىكى ئىشپىيونلىرىنى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلگۈسىدە خەلق ھاكىمىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش تەييارلىقىنى ئىشلىدى. 1949-يىلى 3-ئايدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى چاڭجىياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئارپىسىدا «پىرقە ئەزالىرىنىڭ خەۋەرلىشىش مەھكىمىسى» دىگەننى «ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈش مەھكىمىسى» گە ئۆزگەرتىپ، قورچاق مەمۇرى پالاتانىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزىۋالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى يوقۇتۇلۇش بىلەن بىللە «جۇڭتۇڭ» گۇروھىمۇ خەلق تەرىپىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ تارىخنىڭ ئەخلەتلەر دۆۋىسىغا تاشلاندى.

يەن رۇپىڭ

## گومىنداڭ-جياڭ جيېشىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى «جۇنتۇڭ»

جياڭ جيېشىنىڭ ئىككى چوڭ ئاساسى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى «جۇڭتۇڭ» دىن باشقا يەنە بىرسى «ھەربىلەر» دىن

خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋى سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان «جۇڭتۇڭ» ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى بولۇپ، تولۇق ئىسمى «خەلق ھۆكۈمىتى ھەربى ئىشلار ھەيئىتى تەكشۈرۈش ـ ئىستاتىستىكا مەھكىمىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئورگان 1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ سىستېمىدىكى ئىشپىيونلار ئەمەلىيەتتە جياڭجېيشى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتتىلا ھەرىكەت باشلىغان ئىدى.

1927 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جياڭ جېيشى 1 ـ قېتىم ئاغدۇرۇلغاندا ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن خۇجىڭئەن (خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنىڭ 1 ـ قارارىدا ئوقۇش تۈگەتكەن، 6 ـ قارارغىچە سىياسى باشقارما جۇرىنى بولغان) جياڭ جېيشىغا سىياسى، ھەربى ئاخبارات ماتېرىياللار توپلاپ بېرىش ئۈچۈن شاڭخەيدە بىر تۈركۈم خۇاڭپۇ ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى توپلاپ بىر «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» تەشكىل قىلدى.

دەي لى ـ ئەسلىدە خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىپىنىڭ 6 ـ قارارىدا ئوقۇش تۈگەتمىگەن بولسىمۇ خۇجىڭئەننىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. 1928 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جياڭ جېيشى قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، خۇجىڭئەن گېرمانىيىگە ئوقۇشقا كېتىپ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە دەي لى مەسئۇل بولدى. ئاتاقتا خەلق ئىنقىلاۋى ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتاۋىنىڭ شاۋېي دەرىجىلىك مۇشاۋىرى دەپ نام ئالغان دەي لى بىر تۈركۈم لۈكچەك ۋە شايكا ئەزالىرىنى ھەممە جېنىدىن تويغان مۇتەھەملەرنى توپلاپ شاڭخەي، نەنجىڭ ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت ئېلىپ باردى. توپلىغان ماتېرى-

ياللارنى «ئوقۇغۇچى» نامىدا مەكتەپ مۇدىرى جياڭ جيېشىگە تاپشۇراتتى. جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە ھەركەت خىراجىتى تەستىقلاپ بېرىپ «باش قوماندانلىق شىتابىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» نامىدا ئادەم قوبۇل قىلىپ ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلدى. 1932 - يىلى 3 - ئايدا جياڭ جيېشى خۇاڭپۇ سېستىمىسىدىكى غوللۇق ئۇنسۇرلارنى توپلاپ «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى» تەشكىللەپ ئۇنىڭ تەركىۋىدە پەۋقۇلئاددە خىزمەت باشقارمىسى تەسىس قىلدى. باشقارما باشلىقلىقىغا دەي لىنى، ياردەمچى ئىش بېجىرىشكە جېڭ جيەمىننى تەيىنلەپ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمى قۇرۇپ چىقتى. 1934 - يىلى 4 - ئايدا «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى» نىڭ ئىشپىيونلار باشقارمىسى بىلەن دېڭ ۋېنيىنىڭ «نەنچاڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمى» نى بىرلەشتۈرۈپ ھەربى ھەيئەتنىڭ ئىشپىيونلار باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭغا يەنە شۇ دەي لى باشلىق بولدى. 1937 - يىلى 4 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىرقە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى بىلەن ھەربى ھەيئەت قارمىقىدىكى ئىشپىيونلار باشقارمىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەربى ھەيئەتنىڭ تەكشۈرۈش - تىزىملاش مەھكىمىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. پىرقە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسىنى 1 - باشقارما، ئىشپىيونلار باشقارمىسىنى 2 - باشقارما قىلىپ بېكىتتى. 1938 - يىلى 8 - ئايدا جياڭ جيېشى 2 - باشقارمىسىنى كېڭەيتىپ ھەربى ھەيئەتنىڭ تەكشۈرۈش - تىزىملاش مەھكىمىسى قىلىپ قۇرۇپ قىسقارتىپ «جۈنتۇڭ» دەپ ئاتىدى. (1 - باشقارمىنى كېڭەيتىپ «جۇڭتۇڭ» دەپ ئاتىدى).

بۇ ئورگانغا ھەربى ھەيئەتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى خې ياۋزۇ جۇيجاڭ، دەي لى مۇئاۋىن جۇيجاڭ بولۇپ تەيىنلەندى. (ئەمەلى مەسئۇلىيەتنى دەي لى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى).

جۇنتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ئىچكى تەشكىلىدە 8 باشقارما، 6 ئىشخانا، بىر شۆبە ئورۇن بولۇپ، سىرتتا ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردە «رايون»، ئۆلكىلەردە «پونكىت»، بەزەن مۇھىم شەھەرلەردە «پەۋقۇلئاددە گۇرۇپپا» لىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسى «گۇرۇپپا» بولۇپ ئاخبارات توپلىغۇچىلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلاتتى. ئىچكى - تاشقى ئىشپىيونلارنىڭ ھەممىسى ئۆمۈرۋايەتلىك كەسپىي ئىشپىيونلار بولۇپ، يېرىم يولدا چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمەيتتى. جۇنتۇڭ مەھكىمىسى چۇڭچىڭغا كۆچكەندىن كېيىن، ئاساسى خىزمەتچىلىرى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ 40 مىڭدىن ئاشتى، ئەڭ يىراق جايلاردىكى مەسىلەن: غۇلجا، لاسا، ھەتتا چەتئەللەردىكى مۇھىم شەھەرلەردىمۇ ئۇنىڭ ئورگانلىرى بار ئىدى؛ بىر مۇنچە ئالى - ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن خائىنلىرىنى تازىلاش ئۆمەكلىرى»، تاموژنا، چېگرا ۋە مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى بىر مۇنچە قوراللىق ئەترەتلەر ۋە تۆمۈر يول بويلىرىدىكى «قاتناش ساقچىلىرى» قاتارلىق ئاشكارا قوراللىق ئەترەتلەرنى كونترول قىلاتتى.

1942 - يىلى جۇنتۇڭ ئىشپىيونلار ئورگىنى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى مۇشاۋىرلار بۇسىنىڭ ئاخبارات مەھكىمىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى.

1943 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى تەرەپ

«جۇڭگو ـ ئامېرىكا پەۋقۇلئاددە تېخنىكا ھەمكارلىق ئورگىنى» قۇرۇشقا كېلىشىم ئىمزالاپ، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۇڭچىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى ياڭ جياسەن دىگەن يەردە بۇ ئورگاننى رەسمى قۇرۇپ چىقتى. جۇرنىلىققا دەي لى، مۇئاۋىن جۇرنىلىققا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى مۇشاۋىرلار بۇسىدىن مىلوس تەيىنلەندى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكارلىق ئورگىنى زور مىقداردا ئامېرىكىنىڭ يېڭى شەكىلدىكى ئۈسكۈنە ۋە قوراللىرىغا ئىگە ئىدى. بىر قانچە يۈز ئامېرىكا ئىشپىيونلىرى جۇڭگوغا كېلىپ ھەركەت ئېلىپ باردى. ئۇن نەچچە ئورۇندا «پەۋقۇلئاددە تېخنىكا يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ئېچىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر 40 ـ 50 مىڭغا يېقىن ئادەم تەربىيىلەپ چىقاردى.

1945 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەمكارلىق ئورگىنى ئىشتىن توختىدى. ئەمما بارلىق ئۈسكۈنە ـ سايمان، قوراللارنى ۋە ئادەملەرنى جۇنتۇڭ مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى.

«جۇنتۇڭ» سېستىمىسىدىكى ئىشپىيونلار جۇڭگو گۇڭچەنداكى ۋە خەلق ئىنقىلاۋى كۈچلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى باشتىن ئاياقىچە ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ كەلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىشچى ـ دىخان قىزىل ئارمىيىسىنى بەش قېتىم «مۇھاسىرە» قىلىپ يوقاتماقچى بولغان ۋاقىتلاردا، بۇ ئورگان كۆپ ساندا ئىشپىيون ئاجرىتىپ ئىنقىلاۋى بازىلارغا يوشۇرۇن كىرگۈزۈپ ئاخبارات توپلاش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، يوشۇرۇن ئۇلتۇرۇشتەك ھەركەتلەرنى قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئۆز ئىشپى-

يونىلىرىنى 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيىلەرگە كىرگۈزۈپ ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئاخبارات ئوغرىلاشتەك ھەركەتلەردە بولدى.

«جۇنتۇڭ» يەنە ۋەھشىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئاتالمىش «ھەركەت گۇرۇپپىسى» تەشكىل قىلىپ، سىياسى جەھەتتە باغلاش - ئېسىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار قانخورلۇق، زەھەرخەندىلىك بىلەن ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلار ھەددى - ھېساپسىز نۇرغۇن. 1933 - يىلى 6 - ئايدا شاڭخەيدە جۇڭگو خەلق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ياڭ شىڭفۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق سۇڭ چىڭلىڭ ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى قىسماقچى بولدى. كېيىنكى يىلى 11 - ئايدا ئۇلار شاڭخەي - خاڭجۇ تۆمۈر يولىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچى «شىڭباۋ گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى شى لياڭسەينى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، قىزغىنلىغى تولۇپ - تاشقان ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال ياڭ خۇچېڭ چەتئەلدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ھامان دەي لى تەرەپتىن قاماققا ئېلىندى. تۈرمىدە 12 يىل ئازاپ - ئوقۇبەت چەككەندىن كېيىن ياڭ خۇچېڭ بىلەن ئۇنىڭ كاتىۋى سۇڭ. جىيۇن ئىككى ئائىلىدىن 6 كىشىنى جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلىق لاگېرىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. 1940 - يىلى 3 - ئايدا ئۇلار چىڭدۇ شەھىرىدە جۇڭگو كوڭ-

چەنداڭنىڭ سىچۇەن ئۆلكىلىك كومىتېتى مەسئۇللىرىدىن چېي ياۋشيەن بىلەن لو شىۋېن قاتارلىق 10 نەچچە كوممۇنىستنى ئاختۇرۇپ قولغا ئالدى. سوراق نەتىجىسىز چىققاندىن كېيىن چېي، لو ئىككىسىنى لاگېرغا قاماپ قويغاندىن تاشقىرى قالغانلىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتتى. 1946 - يىلىغا كەلگەندە چېي بىلەن لو ئىككىسىنىمۇ جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلىق لاگېرىدا ئۆلتۈرۈپ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئىز - دېرىكىنى يوق قىلىۋەتتى.

«جۇنتۇڭ» ئورگىنى كوممۇنىستلارنى، دېموكراتىك زاتلارنى ۋە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى كۆپلەپ قاماققا ئېلىش ئۈچۈن چۇڭچىڭ ۋاڭ لۇڭمېندا ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى قۇردى. (ئىشپىيونلار ئۆز ئىچىدە بۇ ئورۇننى «باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ ئاتىدى.) جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلىق لاگېرىدىكى «ئاق ساراي» دا مەخپىي تۈرمە قۇردى. (بۇنى ئىشپىيونلار «ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ ئاتىدى.). گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ شىفۇڭ ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ يىغىۋېلىش لاگېرى قۇردى. (ئىشپىيونلار بۇنى «ئالىي مەكتەپ» دەپ ئاتايتتى.) بۇنىڭدىن باشقا يەنە جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شاڭراۋ ناھىيىسىدە شەرقىي جەنۇب بويىچە ئەڭ چوڭ توپلاش لاگېرى قۇردى. ئىشپىيونلار بۇ قاتىللىق ئورۇنلىرىدا «سىياسىي جىنايەتچى» دەپ ئاتالغانلارغا خىلمۇ - خىل جازالارنى قوللاندى. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن يېڭى تىپتىكى جازا قوراللىرى بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئازاپلىدى. ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ ۋەھشىلىكى تىلغا ئالغۇسىز دەرىجىدە قەبىھ ئىدى.

ئىشپىيونلار جياڭ جيېشىنىڭ غەيرى كۆچلەرنى تازىلاش-
قا ئىشلىتىدىغان بىر بۆلۈك ھەركەتچان قىسمى ئىدى. 1933 -
يىلى لى جىشىڭ قاتارلىقلار فۇجيەندە جياڭ جيېشىغا ۋە
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان «خەلق ھۆكۈمىتى»
قۇرغاندا، دەي لى بىر تۈركۈم ئىشپىيونلارنى باشلاپ بېرىپ
بۇ خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەركەت قىلدى ۋە بۇزغۇنچى-
لىق سالدى.

1936 - يىلى 6 - ئايدا چېن جىتاڭ گۇاڭدۇڭدا «غەر-
بى جەنۇپ ھۆكۈمىتى» قۇرغان ۋاقىتتا، دەي لى ئىشپىيون-
لارنى ئەۋەتىپ چېن جىتاڭ ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى
ۋە باشقا ھەربى باشلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئارمىيىسىنى
ئۇرۇش قىلمايلا مەغلۇپ قىلدى. شۇ يىلى قىشتا دەي لى
يەنە ئادەم ئەۋەتىپ شاڭخەيدىكى جياڭ جيېشىغا قارشى گۇرۇھ
خۇخەنمىڭنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ليۇ خۇيىڭنى ئېتىپ
تاشلىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچلىرىدا گومىنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش-
قا بىر قەدەر ئاكتىپ ئىدى . بۇ چاغدا «جۇڭتۇڭ» ۋەتەنگە
ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان بىر تۈركۈم ۋەتەن
ساتقۇچ خائىنلارنى ئۆلتۈردى. مەسىلەن: 1938 - يىلى دۈشمەن
ئىشغالىيىتىگە چۈشۈپ قالغان شاڭخەيدە «ۋېيشىن ھۆكۈمىتى»
نىڭ ھەربى - مەمۇرى بوجاڭى جۇ فىڭجى، خارجى بوجاڭ
چېن لۇ، قورچاق شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى فۇ

شياۋ يەنلەرنى ئۆلتۈردى، كېيىن يەنە دۈشمەنگە تەسلىم بولغان لۈكچەكلەر باشلىغى جاڭ شياۋلىن، ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىش ھەركىتىدە بولۇۋاتقان تاڭ شاۋيىلەرنىمۇ ئۆلتۈردى. ئەمما 1939 - يىلىدىن كېيىن جياڭ جيېشى گورۇھى ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ گۇڭچەنداڭغا ئاكتىپ قارشى تۇرغاندا «جۈنتۇڭ» گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ياپون جاسۇسلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى ۋە قورچاق ۋاڭ جىڭۋېينىڭ سىياسى مۇھاپىزەت مەھكىمىسى بىلەن ئادەم ئىشلىتىش جەھەتلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھىم ئورۇنلارغا ئۆز ئادەملىرىنى قويدى، دىيەنتەي ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆز ئارا ئاخبارات ئالماشتۇردى. بەزەن خائىنلار «جۈنتۇڭ» ئىشپىيونلىرىدىن ئىدى. مەسىلەن: چوڭ خائىن جۇ فۇخەي «جۈنتۇڭ» قوماندانلىغىدىكى «ھەربى ھەيئەتنىڭ شاڭخەيدىكى ھەركەت زۇڭدۈيى» نىڭ باش قوماندانى ئىدى.

جاڭ گوتاۋ 1938 - يىلى 5 - ئايدا ئاسىلىق قىلىپ گۇڭچەنداڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن «جۈنتۇڭ» ئورگىنى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. چۇڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن «جۈنتۇڭ» ئورگىنىنىڭ «ئالاھىدە سىياسى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش شۆبىسى» نىڭ شۆبە باشلىغى (سوجاڭى) بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى.

«جۈنتۇڭ» ئىشپىيونلىرى ئۆز مەيلىچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقانلىقتىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ۋە ئەيىپلىشىگە ئۇچرىغان. 1945 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ چۇڭچىڭ سۆھبىتى بول-

غاندا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرا-
دىسىغا ۋاكالىتەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئور-
گانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ «قوش
ئۆكتەبىر كېلىشىمى» گە كىرگۈزگەن ئىدى. گومىنداڭنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى كۆپلىگەن ئادالەتپەرۋەر زاتلارمۇ «جۇنتۇڭ»
ئىشپىيونلىرىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنى ئەيىپلىگەن ئىدى. دەل
شۇ ۋاقىتتا «جۇنتۇڭ» ئىشپىيونلىرىنىڭ باشلىقى دەي لى
1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئايروپىلان ھادىسىگە
ئۇچراپ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭنىڭ ناھىيىسىدە ئۆلدى.
شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشپىيونلۇق ئورگان بىر مەزگىل قالايمىقان-
لاشقان ئىدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربى
ھەيئەتنى ئۆزگەرتىپ دۆلەت مۇداپىئە بۇسى قۇرغاندا ئەسلىدە
ھەربى ھەيئەتنىڭ ھەربى بۇيرۇق بۇسىدىكى 2 - نازارەت
بىلەن جۇنتۇڭ مەھكىمىسى قارمىغىدىكى ئاشكارا قوراللىق
قىسىملارنى بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت مۇداپىئە بۇسىنىڭ 2 - نا-
زارىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا جىڭ جيەمىنى مەس-
ئۇل قىلدى. بۇلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن ئازات
رايونلاردىكى ھەربى ئىشلاردىن دائىم ئاخباراتلارنى توپلاش
ۋە قوراللىق بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەخسۇس
شۇغۇللاندى. جۇنتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ مەخپى يادرو قىسمى
دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش
مەھكىمىسىگە تەقسىم قىلىنغاندا ماۋ رېنفىڭ جۇيجاڭ بولغان
ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئارقىمۇ - ئارقا ئازات بولۇۋاتقان
مەزگىللەردە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەھكىمىسى ھەر قايسى
جايلارغا تۈركۈملەپ يوشۇرۇن جاسۇسلارنى ئەۋەتتى. ئەمما

ئۇلار ئاخىرى خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولسىمۇ ھەممىسىلا بىت ـ چىت بولدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى «جۇڭتۇڭ»، «جۈنتۇڭ» دىن ئىبارەت ئىككى جاسۇسلۇق ئورگىنىنى قۇرۇپ ئەسلىدىكى مۇسسولىن، گىتلېرنىڭ فاشىستىك ئۇسۇلى بويىچە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما بۇ ئىككى تەشكىلات قولغا ئېلىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيانە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە بىگۇنا خەلقلەرنى قىرغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ـ جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قېلىشقا ياردەم كۆرسىتەلمىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ ئىستىبداتلىغىنى، ياۋۇزلىغىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزىۋىنى ۋە قارشىلىغىنى قوزغىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىپ مەغلۇپ بولۇشىنى تېزلەتتى. قان شوراش بىلەن ئادەتلەنگەن يالماۋۇزلار توپلانغان «جۇڭتۇڭ»، «جۈنتۇڭ» دىن ئىبارەت ئىشپىيونلۇق تەشكىلات، ئەڭ ئاخىرىدا ھالاكەت تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

(لىيۇ دۇڭكۈن)

( «خەلق گېزىتى» دىن تەرجىمە قىلىنغان)

# ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا تارقىتىلغان گېزىت - ژورناللار

## ئەركىن ئوشۇر رەتلىگەن

1930 - يىللاردىن 1949 - يىلغىچە (تېچ ئازات بولغانغا قەدەر) شىنجاڭ تارىخى ناھايىتى مۇرەككەپ، نۇرغۇن تارىخى ۋەقەلەر ۋە تارىخى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىغىنە بولغان بۇ ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى سىياسى ھاكىمىيەت بىر قانچە قېتىم ئالمىشىپ نەچچە خىل سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلدى. شۇنىڭدەك بۇ جەرياندا كۆپلىگەن گېزىت - ژورناللار نەشر قىلىنىپ شۇ دەۋرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ئەھۋاللىرىنى ئىنكاس قىلدى. بۇ گېزىت - ژورناللارنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت - پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. بەزى جامائەت تەشكىلاتلىرى ۋە گۇرۇھلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىت - ژورناللار ئاشۇلارنىڭ سىياسى مۇددىئالىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىنقىلاۋىي گېزىت - ژورناللار خەلقنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى

ھەققانىي كۆرەشلىرىنى ۋە ئازاتلىققا بولغان ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىن-
كاس قىلاتتى. تۆۋەندە مەن 1930 - يىللاردىن تارتىپ ئازات بول-
غانغا قەدەر شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژورناللار توغرىسىدا
رەتلىگەن ماتىرىياللىرىمغا ئاساسەن قىسقىچە مەلۇمات بەرمەكچىمەن.

خەنزۇچە يېزىقتا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژورناللار:

«شىنجاڭ گېزىتى» — بۇ گېزىت جىن شۇرېن دەۋرىدە نەشر قىلىنىۋاتقان «تيانشان گېزىتى» ئاساسىدا 1936 - يىلى نامىنى ئۆزگەرتىپ « شىنجاڭ گېزىتى » دەپ نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ئورگان گېزىتى بولغاچقا شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل سىياسەت ۋە ئەمىر پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلدى. 1933 - يىلدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان شېڭ- شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە بۇ گېزىت شېڭ شىسەي ئوت- تۇرىغا قويغان «6 بۈيۈك سىياسەت» نى كۆپرەك تەشۋىق قىلدى. شېڭ شىسەي بىر مەزگىل ماركسىزىم ئېتىقاتچىسى بولىۋېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈز- گەندە «شىنجاڭ گېزىتى » ماركسىزىم - لېنىنىزىم تەلىماتلى- رىنى تەشۋىق قىلدى. بۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپى- دىن ئەۋەتىلگەن بولشېۋىكلاردىن ۋەن شەنتىڭ، ۋاڭ باۋچيەن، مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىقلار شىنجاڭ گېزىتىدە مەسئۇل خىز- مەت ئىشلىدى . 1938 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن خادىملاردىن لى زۇڭلىن، چېن- خاۋرەن، بەي دافاڭ، ۋاڭ شياۋچۈن، ۋاڭ مۇ، لى خې، ساكۇڭ- لياۋ يولداشلارمۇ شىنجاڭ گېزىتىدە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىش- لەپ، ماركسىزىم - لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەش- ۋىق قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1943 - يىلى شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ قويىنىغا ئاتقاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. 1944 - يىلى 10 - ئايدا شېڭ شىسەي ئورنىنى بوشۇ-تۇپ چۇڭچىڭغا كەتتى. بۇ چاغدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆلكىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. دېمەك، 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغانغا قەدەر شىنجاڭ ۋەزىيىتى قانداق ئۆزگەرگەن بولسا، «شىنجاڭ گېزىتى» ھەم شۇنداق ئۆزگىرىش ياساپ تۇردى.

ئۆلكىلىك «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى، چۆچەك، ئالتايلاردا شۆبە گېزىتخانىلىرى بولۇپ، بۇ جايلاردىمۇ خەنزۇچە گېزىتلەر چىقاتتى. قەشقەردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» 36 - يىلى نەشر قىلىنىپ 49 - يىلى توختاپ قالدى. خوتەندىكى «شىنجاڭ گېزىتى» 39 - نەشر قىلىنىپ 43 - يىلى توختاپ قالدى. ئىلى، ئالتاي، چۆچەك شۆبە گېزىتخانىلىرى چىقارغان «شىنجاڭ گېزىتى» 35 - ، 36 - يىللىرى نەشر قىلىنىپ 44 - ، 45 - يىللىرى نەشردىن توختاپ قالدى.

3 ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋى پارتلىغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 44 - يىلى خەنزۇچە «خەلق-چىلىق گېزىتى» نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت شۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ھېسداشلىق قىلغۇچى ئىل-غار خەنزۇ زىيالىيلىرى تەرىپىدىن تەھرىرلەنگەن بولۇپ، 3 ۋىلايەت خەلقى، جۈملىدىن شىنجاڭ ھەر مىللەت ئېزىلگەن خەلقلىرىنىڭ زۇلۇم ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ۋە ئازات-لىق - ئەركىنلىككە تەشنا بولۇشتەك ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى

ئىنكاس قىلدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىلىرىنى ۋە مىللى دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ گېزىت 1949 ـ يىلى نەشردىن توختىدى.

«شىنشىنباۋ» (يېڭى شىنجاڭ) ، «چىفىڭباۋ» (چەۋەندازلار) گېزىتلىرى گومىنداڭنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 5 ـ كورپۇس سىياسى باشقارمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. نەشر قىلىنغان ۋاقتى 47 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى گېزىت ئەڭ ئەكسىيەتچىل گېزىتلەردىن بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن رەزىل ئىدى. كوممۇنىزىمغا، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىگە يەتكەن ئىدى. بۇ ئىككى گېزىت ئازاتلىق ئەرپىسىدە نەشردىن توختىدى.

خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان ژورناللارنى ئالساق:

«جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ــ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمىسى» تەرىپىدىن 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئايلىق ژورنال. بۇ ژورنال گەرچە شېڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىدا بولسىمۇ، بىراق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەھرىرلىگىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە مىللى بىرلىكسەپ توغرىسىدا دادىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ئوبدان رول ئوينىغان. بۇ ژورنال 42 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشردىن توختىدى. «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» تەرىپىدىن يەنە «دەۋر» رەسىملىك ژورنىلى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىمۇ نەشر قىلىنغان ئىدى.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ــ شىنجاڭ ئاياللار جەمئىيىتى 1941 ـ

يىلى 2 - ئايدا تەسىس قىلىنغان. ئۈرۈمچىدە بېسىلغان.

«جەندۇ» (كۈرەش) - قەرەلسىز ژورنال، بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ يوشۇرۇن تەشكىلاتى «جەندۇشې» (كۈرەش جەمئىيىتى) تەرىپىدىن چىقىرىلغان بولۇپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغۇتۇشتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى پاش قىلىشتا بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلدى. بۇ ژورنال 48 - يىلىدىن 49 - يىلى ئازاتلىق ئەرپىسىگىچە داۋاملاشتى.

گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مايىل بولغان ژورناللار ئىچىدە «شىنشىنجاڭ» (يېڭى شىنجاڭ، ئايلىق ژورنال، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى تەرىپىدىن، 43 - يىلى نەشر قىلىنغان)؛ «چىڭ بەي بەن يۆكەن» (كۆك ئاق يېرىم ئاي ژورنىلى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە مەدەنىيەت خىزمەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ ژورنىلى، 45 - يىلى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، روس، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنغان)؛ «خەنخەيچاۋ» (چۆل - جەزىرە دولقۇنى، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن 46 - يىلى خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىنغان)؛ «يۈەنيى داۋباۋ» (سەنئەت گۈلزارى، شۇ نامدىكى نەشرىيات تەرىپىدىن 46 - يىلى نەشر قىلىنغان). «جياڭخې» (زېمىن - شىنجاڭ، دىخۇا جۇڭخۇا خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى تەرىپىدىن 46 - يىلى نەشر قىلىنغان)؛ «كوئېنلۈن» يېرىم ئايلىق ژورنىلى، «خەنزۇ مەدەنىيىتى» ئايلىق ژورنىلى (47 -

يىلى شىنجاڭ خەنزۇ مەدەنىيەت جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

«مائارىپ» ئايلىق ژورنىلى، شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى 47 - يىلى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلغان.

«مائارىپ ژورنىلى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن 48 - يىلى نەشر قىلىنغان.

«ئىسلام ياشلىرى»، شىنجاڭ شۆيۈەن ئىسلامشۇناسلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن 49 - يىلى 1 - ئايدا نەشر قىلىنغان، قەرەلسىز ژورنال.

«ساموجۇگېپ» (قۇملۇق ناخشىلىرى)، شۇ نامدىكى نەشرىيات تەرىپىدىن 49 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان.

«جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيىتى» جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئايلىق ژورنال. بۇ ژورنال مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان نەشرى ئەپكار بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، جەمئىيەتتىكى يېڭىلىقلار، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مىللى ئۆرپ - ئادەتلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ بېرىش، كېلىشلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇرچە تىل يېزىقلاردىكى گېزىت - ژورناللار:

1934 - يىل 1 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى» ناملىق گېزىت چىقىرىلىشقا باشلىغان. بۇ گېزىت 36 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» دەپ نەشر قىلىندى. شۇ يىلى قا-

زاقچە «شىنجاڭ گېزىتى»نى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىككى خىل تىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئازاتلىققا قەدەر داۋاملىق نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، ئىلى، چۆچەك، ئالتايلاردا شۆبىلىرى قۇرۇلغان. قەشقەردىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» قەشقەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى 1934 - يىلى بىرلىكتە چىقارغان «يېڭى ھايات» گېزىتى ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 36 - يىلى چىقىرىلىشقا باشلىدى. 44 -يىلى «تونۇش» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلدى. كېيىنچە يەنە قەشقەر «شىنجاڭ گېزىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئازاتلىققا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلدى. ئاقسۇدىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» 39 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 46 - يىلى «ئاقسۇ خەلق كۆچى» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ گېزىت ئازاتلىققا قەدەر چىقىپ تۇردى. خوتەندىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» 1939 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 43 - يىلى توختاپ قالدى. 46 - يىلى 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يېپىلىپ قالدى. ئىلىدىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» 36 -يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 34 - يىللىرى نەشر قىلىنىۋاتقان «ئىلى دەرياسى» گېزىتىدىن ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. 44 - يىلى 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر گېزىت نەشرىدىن توختىتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 3 ۋىلايەت ئىن-

قىلاۋىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇر، قازاق، رۇس تىللىرىدا «ئازات شەرقى تۈركىستان» گېزىتىنى تەسىس قىلدى. تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن يۇقۇرقى 3 خىل تىلدىكى «ئازات شەرقى تۈركىستان» گېزىتى نامىنى «ئىنقىلاۋىي شەرقى تۈركىستان» گېزىتىگە ئۆزگەرتتى. 46 - يىل 3 - ئايدا موڭغۇلچە «ئىنقىلاۋىي شەرقى تۈركىستان» گېزىتى نەشر قىلىنىپ 49 - يىلى «موڭغۇل خەلق ھوقۇقى» گېزىتىگە ئۆزگەردى. قازاقچە «ئىنقىلاۋىي شەرقى تۈركىستان» گېزىتى 47 - يىلى 5 - ئايدا «ئىنقىلاۋىي تاڭ» گېزىتىگە ئۆزگەردى. 46 - يىلى 10 - ئايدا شىبە تىلىدا «ئىنقىلاۋىي شەرقى تۈركىستان» گېزىتى چىققان بولۇپ، 47 - يىلى 3 - ئايدا «ئەركىنلىك كۈلى» گېزىتىگە ئۆزگەردى. رۇسچە «ئىنقىلاۋىي شەرقى تۈركىستان» گېزىتى 47 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت گىراژدانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ «خەلق يۇلتۇزى» گېزىتىگە ئۆزگەردى. ئۇيغۇرچە گېزىت 50 - يىلى يانۋاردىن كېيىن نامىنى «يېڭى يول» گېزىتىگە ئۆزگەرتتى. 48 - يىلى «شىنجاڭدا تېچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن قازاقچە «ئىنقىلاۋىي تاڭ» گېزىتى ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە «ئالغا» دىگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى. 1949 - يىلى 12 - ئايدا «شىنجاڭدا تېچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئورگىنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ گېزىت توختاپ قالدى.

3 ۋىلايەت تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھەرخىل تىللاردىكى گېزىتلەر 44 - يىلدىن 46 - يىلغىچە خەلق ئاممىسىنى قولغا قورال ئېلىپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ۋاقىتلىق ھۆ-

كۆمىتېتىنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ يېڭى ھاياتىنى تەشۋىق قىلدى. 46 - يىلى تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن گېزىتلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئاساسەن سىياسى كۆرەش تەرغىب قىلىنىپ، تېچلىق بىتىم روھىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تېچلىق ۋە خەلقچىللىق سىياسەتنى يۈزگۈزۈش لازىملىغى توغرىسىدا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى. گومىنداڭنىڭ چىرىكلىگى شەپقەتسىز پاش قىلىنىدى. لېكىن بەزى خاتالىقلاردىنمۇ خالى بولالمىدى. 45 -، 46 -يىللىرى ئىنقىلاپ رەھبەرلىگىنىڭ مۇرەككەپ بولىشى ۋە ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىگىدىن، گېزىتچىلىك ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىدا تارمىللەتچىلىك خاتالىغى سادىر بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن شۇ چاغدا دىنى تەسىرنىڭ كۈچلۈك بولىشى سەۋەبىدىن، دىنى تەرغىباتچىلىقمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئورۇن ئالدى، 46 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ مەتبۇئاتچىلىقتىكى خاتا خاھىشلار تەدرىجى تۈگىتىلىپ، ئىزىلگۈچى خەلقنىڭ دۈشمىنى ئوخشاشلا ھەممە مىللەتلەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىگى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىمۇ ئوخشاشلا ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىگى، ھەممە مىللەت چىڭ ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشقاندىلا ئاندىن ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىغىنى تەشۋىق قىلدى.

چۆچەكتە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ گېزىتى» 1934 - يىللىرى نەشر قىلىنغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى ئاساسىدا 36 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىندى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىن توختاپ قالدى. چۆچەكتە يەنە 36 - يىل 41 - يىل ئارىلىغىدا موڭغۇلچە شىنجاڭ گېزىتى نەشر قىلىندى.

ئۆلكىلىك شىنجاڭ گېزىتى ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى شۆبىلىرىدە

نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ گېزىتى» دىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىچە گېزىتلەرمۇ نەشر قىلىنغان ئىدى:

«مۇستەقىللىق» (ئىككى ھەپتىلىك گېزىت، مۇستەقىللىق ژورنىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە «بىزنىڭ تاۋۇش» ناملىق گېزىتلەر 1933 ـ يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«ئەرك» گېزىتى — ئۈرۈمچى ئالتاي نەشرىياتىدا 1947 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان، 49 ـ يىلى شىنجاڭ ئازات بولۇش ئەرپىسىدە نەشردىن توختىغان، مەسئۇلى ئەيسا. تەشۋىقات مەزمۇنى پانتۈركىزىمنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋي كۆرىشىگە قارىتا توسقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى يۈرگۈزدى.

«يالقۇن» گېزىتى — 47 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا، نەشر قىلىنىپ 49 ـ يىلى ئازاتلىق ئالدىدا توختىغان. مەسئۇلى قۇربان قوداي، مەزمۇن جەھەتتە «ئەرك» گېزىتىگە ئوخشايدۇ.

«ئويغان» گېزىتى، بۇ گېزىت 47 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئابلەت مەخسۇم، پولات ئالىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇللىقىدا نەشر قىلىنغان.

«خان تەڭرى» گېزىتى، 1946 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان،

«خەلقچىلىق گېزىتى» — 1948 ـ يىلى چۆچەكتە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«شىبېي خۇيگۇاڭباۋ» (غەربى شىمال خۇيزۇلار نۇرى گېزىتى)، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان. يىل ئاي ئېنىق ئەمەس

«مىنفېڭ باۋ» (خەلق نىشانى گېزىتى)، ھەپتىلىك مەجمۇئە، 1947 - يىلى 7 - ئايدا خۇيزۇ ياشلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان گېزىتىدە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان، 48 - يىلى ئۆزگەرتىلگەن.

«خەلق گېزىتى» — قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن قازاق تىلىدا، نەشر قىلىنغان، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

«ئالغا گېزىتى» — 47 - يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا شاپىگراپتا بېسىلغان،

«ئالتاي ئەرك گېزىتى» 45 - يىلى سىنتەبىردە قازاق تىلىدا نەشر قىلىنىپ، ئازاتلىققا قەدەر داۋاملاشقان.

«خەلق ئىستىگى» — 47 - يىلى قەشقەردە مىق مەتبەئەدە بېسىلىپ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«زىيۇجۇشېڭ باۋ» (ئەرك ئاۋازى)، مانجۇ تىلىدا غۇلجىدا نەشر قىلىنغان، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

«خۇيشېڭ» (سادا)، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

«چۆل گۈلى» — خوتەندە 47 - يىلى گومىنداڭ خوتەن دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ژورناللار:

«جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» ژورنىلى، بۇ ژورنال 1939 ـ يىلدىن 1942 ـ يىللار ئارلىغىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان، مەزمۇنى خەنزۇچىسىگە ئوخشايدۇ.

«خەلق بىرلىكسېپى» ئايلىق ژورنال، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسى مەنسۇر ئەپەندى باشقۇرغان.

«يېڭى شىنجاڭ» ئايلىق ژورنال، 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشرقىلىنغان بولۇپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان.

«خان تەڭرى» — ئايلىق ژورنال، خان تەڭرى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، مەسئۇلى ئىبراھىم تۇردى ئىدى. 1947 ـ يىلى يازدا غۇلجا تەرەپكە يۆتكەلگەن .

« شىنجاڭ مەدەنىيىتى » — 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا مەسئۇللىقىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىللاردا نەشر قىلىنغان.

«خۇيزۇ ۋېنخۇا» 1948 ـ يىلى شىنجاڭ خۇيزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا مالىك مەسئۇللىقىدا نەشر قىلىنغان.

« زامان ژورنىلى » 1948 ـ يىلى نىغمەت مۇھەررىرلىكىدە قازاق تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«نۇر» ئايلىق ژورنىلى — قازاق ـ قىرغىز مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن 1948 ـ يىلى يازدا قازاق تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«چىنى تۈركىستان» — يېرىم ئايلىق ژورنال، «ئالتاي ئىلمى تەتقىقات جەمىيىتى» تەرىپىدىن 1948 - يىلى 6 - ئايدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«ئۆرنەك» ژورنىلى — بۇ ژورنال 1946 - يىللاردىن 1949 - يىللار ئارىلىقىدا «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

«ئىتتىپاق» ژورنىلى — «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن 1948 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ غۇلجىدا نەشر قىلىنىپ. 1950 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل نەشر قىلىنىپ تۇردى.

«ئالتاي» ژورنىلى — ئالتاي نەشرىياتى تەرىپىدىن 1944 - يىلى 1 - ئايدا چۆچەكتە بېسىلغان. 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان. بۇ ژورنال ئاساسەن مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چىقىرىلغان. مەزمۇن جەھەتتە پانتۈركىزم خاھىشىدا ئىدى.

«ئۆسمۈرلەر بىلىمى» — ئايلىق ژورنال، 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

«دۇنيا ئەدەبىياتىدىن قىسقارتىلمىلار» — 1948 - يىلى 1 - ئايدا تەسىس قىلىنىپ غەربىي شىمال مەدەنىيەت ئۇرۇلۇش جەمىيىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

قوشۇمچە

# ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1- سانىدىن 13- سانىغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ماقالىلار

## 1- ساننىڭ مۇندەرىجىسى

ئەنگلىيە بايرىغىنىڭ چۈشۈرۈلىشى— پامىر ئېگىزلىگىدە
جاھانگىرلىككە قارشى بىر قېتىملىق كۈرەش.......... خو جيەن
غەربىي يۈنۈلۈش ئارمىيىسى شىنجاڭدا..................
..........................................لى جىژمىڭ، ۋاڭ چۇڭگو
جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى.
شىڭخەي ئىنقىلاۋى توغرىسىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز.......
.......................................... توك باۋ، خەن شىلياڭ
ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن......
.......................................... ما شاۋشى
شىنجاڭ مەخپىي سوت ھەيئىتى توغرىسىدا..................
.......................................... شى يۈەنپۇ
ۋۇجۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانى
.......................................... زىڭ شاۋلۇ

شىنجاڭدا «سەنچىڭتۇەن» نىڭ قۇرۇلىشى ۋە ئاخىرلە-
شىشى ........................................ لى ئەنچۈن
ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىڭ سىنجاۋدىسىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى ........................................ پەن زۇخۇەن
ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرى توغرىسىدا


## 2 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى


ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى قانداق ئىدارە قىلغانلىقى توغ-
رىسىدا ........................................ پەن زۇخۇەن
ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى ........................ گۇڭ بىچىڭ
پەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى
ۋە كېيىنكى ئەھۋاللار ........................ پەن زۇخۇەن
ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر ............ تۇگباۋ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك روسچە سىياسى - قانۇن مەكتىۋىنى
قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................ ليۇ دېيەن
ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن ئىشلىرى توغرىسىدا
................................................ ليۇ دېخى
بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى ۋە جەريانى
................................................ سۇڭ شىليەن
ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى ........................ لۈي چى
سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىنىڭ
دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئەھۋالاتلىرى ............ ليۇ دېيەن
مېنىڭ ئوسمان توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ............
................................................ لاتىپ مۇستاپا

ياڭ زېڭشىن مافۇشېڭ (ماتىتەي) نى قانداق يوقاتتى
جاڭ زىچىڭ ......

## 3 - ساننىڭ مۇندەرىجىسى

«شىنجاڭ پادىشاسى» شېڭ شىسەي توغرىسىدا بىلىدىغان-
لىرىم ...... لاڭ داۋخېڭ
گومىنداڭ هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭ گېزىتى
...... لى فەنچۈن
1932 - 1934 - يىللىرى جەنۇبى شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن
ئەسلىمە ...... جاڭ باۋشىن
مەنخەن ۋاڭ ۋە دۇخۇفۇ ...... تۇڭباۋ
تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشى ......
...... سۇڭ شىليەن
«تۇرپان، پىچان، توخسۇن ۋەقەسى» توغرىسىدا ......
...... لى فەنچۈن
چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا فىرمىلىرى
...... تۇڭباۋ
ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا ...... خېۋىر تۆمۈر
جاڭ پېييۈەننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ...... ۋاڭ ئېنرۇڭ
شىنجاڭنى تېچ ئازات قىلىش يولىغا باشلاش ...... تاۋ شىيۆ
1949 - يىلى شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇش
ۋاقتىدا كۆرگەنلىرىم ...... ليۇ شىلۇڭ

## 4 - ساننىڭ مۇندەرىجىسى

شىنجاڭنىڭ 25 - سېنتەبىر تېچ ھەقىقەتكە ئۆتۈش

جەرياني ......... چىڭ فاڭبەي قاتارلىقلار يازغان
جيۇچۇەننىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش جەرياني ... پىڭ مىڭدىڭ
شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈش
خاتىرىلىرى ......... لى تاڭمىڭ
قەشقەر رايونىنىڭ تىنچ ئازات بولۇشىغا دائىر بەزەن
ئەسلىمىلەر ......... ما پىڭلىڭ
شىنجاڭ تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم ......... دۇڭ شوزىڭ
شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش ۋاقتىدىكى بىر نەچچە
ۋەقەلەر ......... چېن شىمىڭ
خېشىنىڭ تىنچ ئازات بولۇشى ۋە يۈمېن نېفىت كانىـ
نى ساقلاپ قېلىشقا دائىر ئەسلىمىلەر ......... تاڭ زۈتەن
تىنچ ئازات بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۈرۈمچى ...
......... جەن يۈلىن
جۈبيەن بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇشتىن
ئىلگىرى ۋە كېيىن شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ قىسـ
قىچە ئەھۋالى ......... جى لۇ
ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ترانسپورت باش ئىدارىسىنىڭ
قۇرۇلۇش جەرياني ......... پەن جۈيى
مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭدا بولغان ئاغـ
رىق - سىلاق ۋە شۇ چاغدىكى تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك
ھەم سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى ......... جى لۇ
شىنجاڭ - سوۋېيوەن شىركىتىدىن ئەسلەش ......... گو بېچىڭ
1932 - 1933 - يىللىرى جەنۇبى شىنجاڭ ۋەقەسىدىن
ئەسلىمە ......... خېۋىر تۆمۈر

ئوسمان توغرىلىق ئازغىنە ئەھۋاللار ........ خەن يۈۋېن

ۋۇجىڭبىڭ بىلەن خېجىڭغا بېرىپ ھال سوراش جەريانى ........................... سەي خېڭسىڭ

ۋاڭ گاۋشېڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوت قويغانلىقى توغرىسىدىكى كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم ........................ پەن زۇخۇەن

«شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دە چەتئەل تەۋەلىكىدىكى دىنى جەمئىيەتلەر توغرىسىدا ......................................... جى لۇ

## 5 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىكى ئىچكى سىرلىرى ھەققىدە ئەسلىمىلەر ........................ چىن فېڭ

جىن شۇرېننىڭ گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار ........................ سەي خېڭسىڭ

مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە بولغان 12 يىل ................................... باي ئېزىزى

سابىق ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە ........................ جۇنەيت بەكرى

شىنجاڭدا تېپچىلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە ........ سۈزۈك ھاجىيوپ

ماجۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ............................ ۋاڭ مىڭلياڭ رەتلىگەن

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ........................ جىن شاۋشەن

## 6 - ساننىڭ مۇندەرىجىسى


شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىغى ...جۇدۇڭجياۋ

شىنجاڭ چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ........................ لى گوچىڭ

يولداش دۇجۇڭيۈەننى ئەسلەيمىز ........... گاۋچۇڭمىن

جاڭپېييۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ۋە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئۆتمۈشى ...... چىڭفىڭ

شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ سۆھبىتى توغرىسىدا ........................................ ۋۇ ئەيچىن

يولۋاسنىڭ قۇمۇل گارنىزون سىلىڭلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى .................... ليۇ يۈڭلىن

تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بىر نەزەر ........................ خېۋىر تۆمۈر

قورچاق ئاتلىق 5 - دىۋىزىيىنىڭ ھەققەتكە قايتىش جەريانى توغرىسىدا ئازغىنە ئەسلىمە ............ خەن يوۋېن

شىنجاڭ ھەققەتكە ئۆتۈشتىن ئاۋالقى «شىنجاڭ گېزىتى» ........................................ چىڭ چۈەنجۇ

شىنجاڭ كان ئىشلىرىغا ئائىت ئىككى ئىش توغرىسىدا ........................................ پەن زۇخۇەن

شىنجاڭدا قۇرۇلغان فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ جەريانى ........................ پەن زۇخۇەن


## 7 - ساننىڭ مۇندەرىجىسى


شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق كونتروللىغىدىكى شىنجاڭ ........................................ ۋېن پېيرەن

شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ
قۇرۇلۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ..........
.......................................... جاۋچيەنفېڭ قاتارلىقلار
تۈرمىدىكى 8 يىل .................... خو دۇڭجياۋ
تۈرمە ھاياتىدىن ئەسلىمە .................... شى لەنخۇا
شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى ھاياتتىن پارچە ..........
.......................................... لاڭ داۋخېڭ
شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى يۈز كۈن .......... تەن يوشىڭ
تۈرمىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن پارچە ... سەي خېڭسىڭ
تۈرمىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم .................. ليۇ دېخى
شېڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش سۇيىقەستلىك
توپىلاڭ قوزغاش ئەنزىسىنىڭ ھەقىقى سىرى ... سەي خېڭسىڭ
شېڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەستلىك
ئەنزىسى» گە بىر نەزەر .............................. جىن گوجېن
باسمىخانىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» گىچە ...... خەن يولىن
قۇمۇلدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم .................. شو جى
شېڭخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىلىدىكى بىر نەچچە يا-
دىكارلىقتىن .......................................... ۋېي جاڭفۇڭ

## 8 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

شىنجاڭدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللى بىرلىك-
سەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى .......... ۋېن پېيەن
يولداش چېن تەنچيۇ شىنجاڭدا .................. جى خې
يولداش ماۋزېمىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇر-

غان مەزگىللەردە قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە تۆھپىلىرى ... لىيۇ دىخى
ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇ شىنجاڭدا ........................
........................ (تەيشەن ناھىيىسى ماقالىسى)
شىنجاڭدا تۈرمىگە تاشلىنىش ۋە تۈرمىدىن بوشىتىلىش
جەريانىم ................................ ۋۇ نەيئىن
تۈرمىدىكى كۆرەش خاتىرىسى .................. فاڭ جۇچۇن
كۆك ئاسماندىكى قەلب .................... چىن شۇڭ
خەۋپ - خەتەرلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ يەنئەنگە قايتىش
............................................ لىيۇ ياجې

## ٩ - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن
خاتىرە .................................. ياڭ فېڭچۇن
ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ..........
............................................ گۇەن شىڭسەي
ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋى قوزغىلىڭى توغرىسىدا ......
............................................ خەن شىڭلياڭ
ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن بىر سەھىپە ..... گۇۋ بىچىڭ
ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن كېلاۋخۇيغا بىر نەزەر
............................................ جاڭ رۇڭجاڭ
كۆرە شەھىرىنىڭ تارىخى .................. جياۋ رۇڭجياڭ
شىڭخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى ........
............................................ مۇختەبەر
جىرا ۋەقەسى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلادى ........

.............. (خوتەن سىفەن مەكتىۋى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى)
چېرا ناھىيىسىدە ئۆتكەن سېيىت ھاجى ۋەقەسى توغرى-
سىدا ئەسلىمە ............... ئابدۇغەنى داموللا ھاجى
شىڭخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭى ........
.................................................. ئاقنىياز
«يېڭى گېزىت» تىن تاللانمىلار ..............................

## 10 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

قاماقتا ئېلىنىپ قاماقتىن چىققانغا قەدەر ..........
.................................................. ما جياۋسۇڭ
شېڭ شىسەينىڭ سىياسى قايىنىمىدا ........... چېن فاڭبو
1943 - 1944 - يىللىرى لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىدا
پارتىلىغان مىنا ئاۋازى ............................ دۇ شوزېڭ
گومىنداڭ ھەربى ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن
كادىرلار ئەتىردىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ............... پەن رۇڭلى
جۇ شاۋلياڭنىڭ بەن گەنني 1945 - يىلى چۆچەككە تەشۋىق -
ھال سوراشقا ئەۋەتكەنلىگىنىڭ باش - ئاخىرى ...............
.............................................. ئىۋۋياڭ ۋېنلىن
ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىغىدا بولغان ۋەقەلەر ......
.................................................. شى جىمىڭ
گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ گۇللىنىشى
ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ قىسقىچە ئۆتمۈشى ... دۇڭ شوزېڭ
ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تېچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش
جەريانىدىن ئەسلىمىلەر ........................... باۋ دىيەنخۇا
قۇمۇلدىكى بولاڭچىلىق ۋەقەسىدىن كۆرگەن - بىلگەن-

لەردىم ............ چاۋ شىيىڭ
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ھارپىسىدىكى
ئۆلكىلىك پىرقە ............ لى فەنچۈن
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى
(1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) (ماتېرىيال) ............
شىنجاڭ تىنچ ئازات بولۇش ئالدىدا جاڭ جىجۇڭ،
تاۋشىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇلغان تېلېـ
گىراممىلار (ماتېرىيال) ............
چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياڭ،
جىنلارنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىغىچە بولغان
ئارىلىقتىكى باج تۈزۈملىرى ۋە ھاكىملار ............ سەي خىڭسىڭ
چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياڭ، جىن
ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەر شىنجاڭ مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى
............ سەي خىڭسىڭ
مۇندىن 70 يىل بۇرۇنقى شىنجاڭ قول سانائىتىنىڭ
قىسقىچە ئەھۋالى ............ جى لۇ
شىنجاڭ سەرەڭگە سانائىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىدىن
قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ............ ۋاڭ زېيۈەن

## 11 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

غەرپكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر
قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش جەريانىدىن
قىسقىچە ئەسلىمە ............ يىڭ يۇفىڭ
شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىشنىڭ ئالدى -

كەينىدە خۇشيېڭ ۋە لى زوتاڭلارنىڭ ئاقسۇدىكى ھەركەتلىرى-
دىن پارچىلار ........................................ ليۇ جوڭچىڭ
شىنجاڭ تېپچىلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەزگىللىرى-
دىكى پارىكۆل ........................................ ۋاڭ چۇەنپۇ
پارلاق يولغا بۇرۇلۇش ........................................ جاڭ فىن
ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆرۈمچىنى قورشىۋېلىشى ۋە «ئالتايىسكى»
لەرگە توسۇپ زەربە بېرىشى ........................................ جۇ جيەنجىڭ
ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ...
........................................ جەن فۇشۇ
شېڭشىچى بىلەن چېن شۇيىڭنىڭ ئۆلۈمى ۋە باشقىلار
........................................ ليۇ يىڭلىڭ
«12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى» دىكى بەزى مەسى-
لىلەر ........................................ ليۇ پىڭلىڭ
شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل-
لەردىكى ئاشلىق سىياسىتى ........................................ ئىۋۋياڭ ۋېنلىن
«ئالتاي نەشرىياتى» ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ......
........................................ خېۋىر تۆمۈر

## 12 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدا ئەسلىمە........ خېۋىر تۆمۈر
قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر
توغرىسىدا ئەسلىمە ........................................ ئەيسا نىياز
تۇرپان، پىچان، توخسۇن خەلقىنىڭ 1947 - يىلىدىكى قوز-
غىلىڭىدىن خاتىرە ........................................ ئابلىمىت مەخسۇتوپ

1933 ـ 34 ـ يىللاردىكى قەشقەر خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........... هۇسۇيىن هاجى

25 ـ فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى زادى قانداق ........................................ زاكىر نىيازى

قەشقەر تارىخىدىكى «فېۋرال پاجىئەسى» ........................................ مۇھەممەت ئىمىن قۇربان

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 1926 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىللىق تارىخىدىن ئەسلىمە ........................................ ئابدۇرىشىت خۇجەھمەت

قەشقەر ھېيتكار جامەسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ........................................ جۇنەيد بەكرى

## 13 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى

ئاباق كېرەي خەلقىنىڭ تارىخى ئەھۋالى ........................................ ھاجى نەبى ۋەلىيوپ

ئاتۇش ناھىيە ئىكىساق كەنتىدە يېڭىچە زامان پەننى مائارىپىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ..................... ئىبراھىم نىياز

قەشقەردە پەننى مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ..................... شاۋكەت ئابدۇرەھىم

مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى توغرىسىدا ئەسلىمە ..................... ئىبراھىم مۇھىتى

1920 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە ئەسلىمە ........................................ مەجىت ئەنۋەر

شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر، قاتناش، كىنو ئىشلىرى تارىخى-
دىن ئەسلىمە ............................................ خەمزە كاربايى
كۆچاردىكى سۇ ئاپىتى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى
توغرىسىدا ................................................ زاكىر نىياز
ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردىكى خىيانەتچىلىك ۋە
ئۇنىڭ شەكىللىرى ...................................... خېۋىر تۆمۈر
يولۋاس قانداق ئادەم؟ ................ ئىمىنوپ ئىبلاخۇن
قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا
ئەسلىمىلىرىم ..................................... سوپاخۇن سۇۋۇرۇپ
تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى توغ-
رىسىدا ................................................... زاكىر نىياز
1984 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان
ئۆلكىگە باش ۋالى ۋە رەئىس بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ......
........................................................................ خېۋىر تۆمۈر

Altunoq

**新疆文史资料选辑(15)**(维吾尔文)
中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放路306号)
新疆新华书店发行　新疆医院学印刷厂印刷
787×1092毫米32开本6.75印张
1984年12月第1版 1984年12月第1次印刷
印数1——11,000

书号：M11098·142　定价：0.40元
(内部发行)